# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

3
1995

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى »
( پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال )

1995 - يىل 3 - سان
ئومۇمىي 29 - سان

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
ئىسلامجان شېرىپ

# بۇ ساندا

## سىياسىي نەزەرىيە

پارتىيە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىلمىي ئاساسى توغرىسىدا ........................ سۇلايمان نىياز 1
زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىش شەرتى توغرىسىدا ........................ ئابدۇللا مۇھەممىدى 6
ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا ........................
........................ ئوسمان مۇھەممەت 12
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە
........................ ئارسلان ئەھمەت زىيائى 16

## پەن - مەدەنىيەت

ئىرادە پەزىلىتى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى ........................ ئابدۇرىشت ئابدىراخمان 22
ئاتالغۇلارنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە........................ چىن جىڭلى 25

## كلاسسىكلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى

كلاسسىك مۇزىكا « 12 مۇقام » ۋە مۇقام ماتارىيېى ........................ گۈلجەمىلە قادىر 29
ئىككى ئالىم ئوتتۇرىسىدىكى تىگىرقاش ........................ ئىقبال تۇرسۇن 38
« قۇتادغۇبىلىك »تە بايان قىلىنغان ئۇيغۇر خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىستېمالى
........................ مۇھەممەتجان سادىق 42

## تارىخ ، ئارخولوگىيە ، ئاسارە ئەتىقە

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ........................ سۇلتان ماموت 57
ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ........................ مەھەممەت يۈسۈپ 58

## ئەدەبىيات - سەنئەت

مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز - ئارا تەسىرى توغرىسىدا ........................ مۇھەممەت ئىمىن 61
شائىر ئابدىكېرىم خوجىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا ........................ ئازات سۇلتان 67
لېۋ تولستوينىڭ « نامرات كىشىلەر » ھېكايىسى توغرىسىدا ........................ ئادىل ئالماس 78

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى ( ئېلىپبە تەرتىۋىبويىچە تىزىلدى ) :
ئابدۇرېھىم رەجەپ ، ئابدۇكېرىم راخمان ، ئاۋۇت توختى ، سەمەت خېۋىر ، شېرىپ ئىمىن ، ئىسلامجان شېرىپ .

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : قەيسەر قەييۇم

# پارتىيە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىلمىي ئاساسى توغرىسىدا

سولايمان نىياز

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش نا-
ھايىتى كۆپ مەزمۇنلارغا تاقىلىپ بارسىمۇ، ئۇنىڭ
يادروسى پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى بار-
لىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى ئۇزاققىچە تەۋرەنمەي
ئىجرا قىلىش بولۇپ، ئاساسىي لۇشيەندىن چەت-
نىگەندە ئۇنىڭ تۈپ مەزمۇنىنى ئىگىلىگىلى بولماي-
دۇ. شۇڭا، ئۆگىنىشتىكى ئاچقۇچ ئاساسىي لۇش-
يەنىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت
ئىلمىي ئاساسىنى ئىگىلەشتۇر. مېنىڭچە بۇنى تۆ-
ۋەندىكى تۆت جەھەتتىن چۈشىنىش مۇمكىن:

1. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنى ئەمە-
لىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى
ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «ئىككى ئومۇمەن» دىن ئىبا-
رەت خاتا لۇشيەننى تۈزەتكەنلىكتىن، پارتىيە ئا-
ساسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادى قۇ-
رۇلۇشقا يۆتكەپ، پارتىيىنىڭ ئاساسى لۇشيەنىنى
قەدەممۇ - قەدەم شەكىللەندۈردى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىجاد قىلغان دىيا-
لېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدىن
ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى يولداش ماۋزېدۇڭ
جۇڭگونىڭ تىلى بويىچە «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزلەش» دېگەن 4 سۆزگە يىغىنچاقلىغان. ھەقى-
قەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش - بىردەك ئەمەلىيەتنى
چىقىش قىلىشتۇر. بۇ ئىدىيىۋى لۇشيەن جەھەتتە
كىچىك مەسىلە بولماستىن، بەلكى سىياسىي لۇش-
يەنىنىڭ مەنبەسىنى ئېنىق بەلگىلەيدىغان چوڭ مەسە-
لە بولۇپ، مۇشۇ ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇر-
غاندىلا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي
زىددىيىتى بىلەن تۈپ ۋەزىپىسىنى دىئالېكتىك ئا-
ساستا بىلگىلى، دۆلىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىقتىساد،
مەدەنىيەت، مىللەت، نوپۇس ۋە تەبىئىي ئېكىلوگى-
يىلىك مۇھىتى جەھەتلەردىكى پايدىلىق ياكى پاي-
دىسىز ئامىللارنىڭ ئاساسى ئەھۋاللىرىنى ئىگىلە-
گىلى، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى،
بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئاكتىپ ئا-
مىللار بىلەن پاسسىپ ئامىللارنىڭ تەسىرىنى توغ-
را، پۇختا ئىگىلىگىلى، ئەمەلىي تەجرىبە - ساۋ-
ۋاقلارنى توغرا يىغىنچاقلىغىلى ھەم چوڭقۇر تەك-
شۈرۈپ تەتقىق قىلغىلى، بىر قاتار نەزەرىيە، لۇش-
يەن، فاڭجېن ۋە سىياسەت تاكتىكىلارنى تۈزۈپ
بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، قىسقىسى، دۆلىتى-
مىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تو-
لۇق قوزغاپ ئۇنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغىلى،
ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ياراملىق
بولغان تەگداشسىز ھاياتى كۈچنى بارلىققا كەل-
تۈرگىلى بولىدۇ.

2. جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى دۆ-
لەت ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرۈش ۋە توغرا بىلىش ھا-
زىرقى دەۋردىكى مۇھىم تېما. پارتىيىنىڭ 11 - نۆ-
ۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيان، پارتىيە مەركىزى كومىتېتى دۆلىتىمىزنىڭ دۆ-
لەت ئەھۋالىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن
ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن بويىچە چوڭقۇر مۇلاھىزە
قىلىپ، قايتا بىلىش ھاسىل قىلدى. 1979 - يىلى
10 - ئايدا يولداش يې جەنيىڭ «جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىك-
لەش نۇتقىدا»، ئالدى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر
سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

قانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى. كەينىدىنلا مەركىزى كومىتېت نەچچە قېتىملاپ مۇھىم ھۆججەت چىقىرىپ، بۇ مەسىلىنى مۇقىملاشتۇردى. ئەمما: بۇ قاراشقا كېيىن باشقىچە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىلمىدى. سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيتى جەريانىدا، بىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىنى ئىلمىي ئاساستا ئېچىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقى گەۋدىلەندى. پارتىيەنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا يولداش دىڭ شىياۋپىڭ بۇ مۇھىم مەسىلىنى ئىنتايىن چىرايلىق ھەل قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى - دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئىلمىي پەرەزنى توغرا بايان قىلىپ، تۈپ ئاساسى مەسلىگە جاۋاب بەردى. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، بۇ دەل تەرەققىي قىلمىغان سوتسىيالىزمدۇر. مانا بۇ دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ زىددىيەت ھەم مەركىزى ۋەزىپىنىڭ ئىلمىي بايان قىلىنىشىدۇر. دېمەك سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى — پارتىيىنىڭ ئاساسى لۇشيەنىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئوبيېكتىپ ئاساسى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى - جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسى لۇشيەنىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتا ھازىرقى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن بويىچە خەلقئارالىق ۋەزيەتكە ئىلمىي مۆلچەردە بولغان. راست، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى، خەلقئارالىق مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا يولداش دىڭ شىياۋپىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ «تىنچلىق ۋە تەرەققىيات دۇنيادىكى مۇھىم تېما» دېگەن مۇھىم ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پارتىيىنىڭ ئاساسى لۇشيەنىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر مەسىلە ئىدى.

يولداش دىڭ شىياۋپىڭ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندى كېيىن، دۇنيادا تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يەر شارى خاراكتېرلىك تاكتىكا مەسىلىسى بولۇپ قالدى دەپ قارىدى. تىنچلىق مۇقەررەر ھالدا زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق قىلىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش كېرەك. ئىقتىسادى مەسىلىدە شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ مەسىلىسى مەۋجۇت. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بارغانسېرى بېيىماقتا. تەرەققىي قىلىۋاتقان جۇڭگودەك دۆلەتلەر بارغانسېرى نامرات ھالەتتە تۇرماقتا. شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغاچقا، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولماقتا. بۇ شىمال بىلەن جەنۇب مەسىلىسىدىكى يادرولۇق مەسىلە. «دۇنيادا تەرەققىيات بىلەن تىنچلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەسىلە تېخى ھەل بولغىنى يوق». بۇ يولداش دىڭ شىياۋپىڭنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيانىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى يىغىنچاقلىشى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى خەلقئارالىق مۇھىتقا بولغان ئىلمىي تەھلىلى، بۇ ئىلمىي ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىزنىڭ ئۆتكەندىكى ئۇرۇشتىن خالى بولغىلى بولمايدۇ دېگەن قارىشىمىزنى ئۆزگەرتتۇەتتى. يېڭى دۇنيا ئۇرۇشنىڭ ۋەھىمىسى قاش بىلەن كىرپىك ئوتتۇرسىدا دېگەن قارىشىمىزنى ئۆزگەرتتۇەتتى. خەلقئارالىق تەرەققىياتنىڭ يۆنىلىشىگە ئاساسلانغان

دا، ئۇرۇشنى تىزگىنلەشتە كىشىنى خۇشال قىلار-
لىق تەرەققىياتلار بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمكانى-
يەتنىڭ بارىچە ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىقنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. شۇن-
داق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇرۇشتىن خالى بولغىلى
بولىدۇ.

ھازىرقى خەلقئارا رىقابەتتە ئەمەلىيەت شۇنى
ئىسپاتلىدىكى، ھازىرقى رىقابەت پەن - تېخنىكا
ۋە ئىقتىسادى كۈچ ئاساسىدىكى ئونىۋېرسال دۆ-
لەت كۈچىنىڭ ئېلىشىشىدۇر. شۇڭا پۇرسەتنى چىڭ
تۇتۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى
تېزلىتىش ئىنتايىن زور ئىقتىسادى مەسىلە، شۇن-
داقلا ئىنتايىن زور سىياسى مەسىلە. دۆلىتىمىزنىڭ
ئىقتىسادى تەرەققى قىلمىسا، باشقىلارنىڭ كونتۇ-
رول قىلىشىغا ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى
راۋاجلاندۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى
ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇ-
رۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇر الماسلىق دۆلەت-
نىڭ ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. 4 ئاسا-
سي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن،
مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قى-
لىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمى-
سىنى بەرپا قىلىش، ئىرتىقا قارىتا ئىشىكنى ئېچى-
ۋېتىش، ئىنسانلار جەمئىيىتى ياراتقان بارلىق مە-
دەنىيەت مېۋىلىرىنى يۈرەكلىك قوبۇل قىلىش ۋە
ئىشلىتىش، ھازىرقى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل-
لەر ھەتتا تەرەققى تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر-
نىڭ ئىلغار باشقۇرۇش شەكلىنى قوبۇل قىلىش ۋە
ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش لازىم.

3. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيە-
سى پارتىيىنىڭ ئاساسى لۇشيەنىنىڭ تۈۋرۈكى،
پارتىيىنىڭ ئاساسى لۇشيەنى - جۇڭگوچە سوتسى-
يالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مېغىزى بولۇپ، بۇ
نەزەرىيىنى دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزلەش ئىيۇى لۇشيەنى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا
قويغان. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيە-
سى - جۇڭگونىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ماركسىزى-
مى، شۇڭا، بۇ نەزەرىيە ماركسىزم، لېنىنىزم ئاسا-
سى قائىدىلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتى
ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇ-
لى بولۇپ، تۇنجى بولۇپ جۇڭگو دەك ئىقتىسادى
ۋە مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان مۇشۇنداق سوتسى-
يالىستىك دۆلەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىكى بىر
قاتار ئاساسلىق مەسىلىلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە
بىر قەدەر سىستېمىلىق جاۋاب بەردى، ھەمدە مارك-
سىزمغا يېڭى كۆز قاراش بويىچە ۋارىسلىق قىلدى
ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. «بىر مەركەز، ئىككى
ئاساسى نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسى لۇشيەنىنى
پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ۋە سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى جەر-
يانىدا قەدەممۇ - قەدەم شەكىللەندۈرگەن.

— ئۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ
رەھبەرلىك كۈچى ۋە تايانچ كۈچىنى ئېنىق بەلگى-
لەپ بەردى، يەنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
نىڭ رەھبەرلىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يادرو-
سى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلى-
كى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ ئىتتىپاقلىقى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تايانچ
كۈچى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. شۇڭا، پارتىيىنىڭ
ئاساسى لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ئۈ-
چۈن، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە تەۋ-
رەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ
ئىتتىپاقلىقىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك.

كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك .

— ئۇ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ پۈتكۈل دۆلەت تۇرمۇشىدىكى مەركىزى ئورنىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەردى . بۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تۈپ ۋەزىپىسى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە بويسۇنۇشى كېرەك ، بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇش ياكى تۇتالماسلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدىكى غەلىبە قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش . شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز ھەمدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم .

— ئۇ ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېنىق بەلگۈلىدى . بۇ — سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مۇقەررەر شەرتى ھەم سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ . بۇ ئىككى ئاساسىي نۇقتا دىئالېكتىك بىرلىككە ئىگە بولۇپ ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ ، بۇ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدۇر . تۆت ئاساسىي پرىنسىپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىشنىڭ سىياسىي ئاساسى ھەم دۆلەت قۇرۇشنىڭ دەسمايىسىدۇر . پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن ، مۇقەررەر ھالدا دۆلەت قۇرۇشنىڭ دەسمايىسى بىلەن دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك .

— ئۇ پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەش كېرەك ، دەپ ئېنىق بەلگىلىدى . جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئاساسىدا قولغا كەلگەن . شۇڭا ، جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىمۇ بۇ خىل روھنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم . پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغاندا ، مۇستەقىل ، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشتا چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ . ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش مەقسىتىدە چىڭ تۇرغاندا ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ .

— ئۇ ، دۆلىتىمىزنى باي ، قۇدرەتلىك ، دېموكراتىك ، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى ئېنىق بەلگىلىدى . بۇ يولداش ماۋزېدۇڭ ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى ئىككى ئەۋلاد پارتىيە مەركىزى كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ 1956 - يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا جاپا - مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشى ئاساسىدا قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي نەتىجىسى . ئىقتىسادىي جەھەتتە باي - قۇدرەتلىك بولۇش ، سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىك بولۇش ، مەنىۋى جەھەتتە مەدەنىيەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلىككە كەلگەن ، بىر گەۋدە بولۇپ بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ . بۇلارنىڭ ئاساسى ئىقتىسادىي جەھەتتە دۆلەتنى باي ، خەلقنى باياشات قىلىش ، ئەمما ، سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىك ، مەنىۋى جەھەتتە مەدەنىيەتلىك بولۇش ئىقتى-

سادى جەھەتتىكى باي ـ قۇدرەتلىك
بولۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان
ئەڭ مۇھىم شەرتى ؛ پارتىيىنىڭ ئاسا ـ
سى لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇ ـ
رۇش ئۈچۈن ، سوتسىيالىستىك زامانى ـ
ۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمى نىشانىدا تەۋ ـ
رەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك ، ئاندىن
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈز ـ
لۈك تەرەققىياتىنى رىئاللىققا ئايلان ـ
دۇرغىلى ، ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىزنى
ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ، قىسقىسى ، كوم ـ
مۇنىزمنى رىئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بو ـ
لىدۇ .

4 . جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇ ـ
رۇشنىڭ ئاساسى لۇشيەنى ـ خەلقنىڭ
مەنپەتىنى كۆزلەش لۇشيەنى بولۇپ ،
بۇ نۇقتىئىنەزەرمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت ـ
تىن ئىزلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قو ـ
يۇلغان .

پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەس ـ
لەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى ئاسا ـ
سىي لۇشيەنى پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۆلىتى ـ
مىزنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئورۇنلاشتۇ ـ
رۇش ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈل ـ
لەپ ياشنىشىدىكى ھاياتلىق يولى .
پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىجادى ـ
يىتى ھەم پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئا ـ
لى مەنپەئىتى . جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە
رەھبەرلىك قىلىپ ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇ ـ
لۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا
كەلتۈرۈشتىكى بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ
چىقىش نۇقتىسى ھەم مەنزىلگاھى . بىز
پارتىيىمىزنىڭ بۇ چىقىش نۇقتىسى ۋە
مەنزىلگاھى نىشانى بويىچە كۈرەش
قىلىدىغان بولساق ، پارتىيىنىڭ ئاسا ـ
سى لۇشيەنىنى توغرا ئىزچىللاشتۇ ـ
رالايمىز ھەم خەلقنى ئۇزۇل ـ كېسىل
بەختكە ئېرىشتۈرەلەيمىز .

كىتابى يوق ئالىم—مېۋىسىز دەرەخ . —سەئدى
ھەممىدىن ئەخمەقنىڭ دانالىقىغا چىداش قىيىن . —ۋ مولىېر
ئالدامچىلار باشقىلارنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش دەپ ئويلايدۇ . —چ لابو يۈيېر
ئۆز ئەيىبىگە ئىقرار قىلماسلىق ئەيىبنى چوڭايتىش دېمەكتۇر . —ل تولىستوي

# زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىش شەرتى توغرىسىدا

ئابدۇللا مۇھەممىدى

(1)

ئوبيېكتىپ پۈتۈنلۈك نۇقتىسىنەزىرىدىن مۇئامىلە قىلىش ھازىرقى زامان سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى، شۇنداق ئىكەن، بۇ نۇقتىسىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا، دۇنيادىكى شەيئىلەر، جەريانلار قالايمىقان، يەككە ـ يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماستىن، بەلكى قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، كۆپلىگەن ئامىللاردىن تەشكىللەنگەن ئورگانىك پۈتۈنلۈك بولۇشى كېرەك. سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈك پرىنسىپى ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ شەيئىلەر ئۆز ئارا باغلىنىشى توغرىسىدىكى نۇقتىسىنەزىرىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. سىستېما ئۇسۇلى پۈتۈنلۈك بىلەن قىسمەنلىكنى دىئالېكتىك بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئىلمى ئۇسۇلى، سىستېما نۇقتىسىنەزىرى ۋە ئۇسۇلى دېگىنىمىزنىڭ ئۆزى زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىش شەرتىنى بىلىشتە پۈتۈنلۈكنى ئاساس قىلىپ ھەر خىل كونكرېت شەرتنى ئۇنىۋېرسال ۋە توغرا تونۇتۇش دېگەنلىكتۇر.

سىستېمىنىڭ سىستېما بولۇپ تۇرالىشىدىكى تۈپ سەۋەب، ئۇنىڭ پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىدا. بىز بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇۋاتقان پۈتۈنلۈكنىڭ خاراكتېرى بىلەن فۇنكتسىيىسى ئۇنى تەشكىل ئەتكەن ئامىللارنىڭ بىر بىرىگە باغلانغانلىقى بولىدۇ، زىددىيەت ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىچكى شەرتكە باغلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى تاشقى شەرتكىمۇ باغلىق. ئىچكى شەرت بىر پۈتۈن سىستېما، تاشقى شەرتمۇ بىر پۈتۈن سىستېما، زىددىيەت ئۆزگىرىشى ئېھتىياجلىق بولغان ئىچكى شەرت بىلەن تاشقى شەرتنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى مۇئەييەن پۈتۈنلۈك فۇنكتسىيىسىگە ئىگە شەرت سىستېمىسىنى تەشكىل ئەتكەن بولىدۇ. كونا زىددىيەتنىڭ يېڭى زىددىيەتكە ئۆزگىرىشى بۇ شەرت سىستېمىسىنىڭ پۈتۈنلۈك فۇنكتسىيىسىگە تايىنىدۇ. ئېنگېلس: «ھەرىكەتنىڭ ئۆزگىرىشى پەقەت بارلىق شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغاندىلا پەيدا بولىدۇ، بۇ شەرت ھەر دائىم خىلمۇ ـ خىل ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ..... ئەگەر بىرەر شەرت كام بولغاندا، ئۇ شەرت ھازىر بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ.» ① دەيدۇ. ئېنگېلسنىڭ بۇ بايانى ئۆزگىرىش شەرتلىرىنىڭ پۈتۈنلىكى توغرىسىدىكى چوڭقۇر ئىدىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالىدىغان بولساق، بۇنىڭدا ھەر خىل شەرتلەر ھازىرلانغان بولىدۇ، بۇ شەرتلەر بىر بىرىگە باغلانغان پۈتۈنلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرەرسى كام بولسا بولمايدۇ. بىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ھەل قىلغاندىن ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئوخشاشلارنىڭ ئىچكى نىسبىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، يەنە ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھېسابىنى قىلمىساق بولمايدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۇ، ئوغۇت، تۇپراق، ئۇرۇق، باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە ئېكلوگىيىلىك مۇھىتنىمۇ تولۇق ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سانائەتنىڭ يار يۆلەك

---

① «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 20 توم، 627 ـ بەت

بولۇشى ۋە سىياسىي خىزمەتلەرنىڭ كاپالىتى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ياكى ئىككى شەرتلەرگىلا ئېسىلىۋېلىپ ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ پۈتۈنلىكىنى ئاساس قىلمىساق زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ. زىددىيەت ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ پۈتۈنلۈكى، سىستېمىلىقلىقى مۇكەممەل بىر ماشىنىغا ئوخشايدۇ؛ بۇنىڭدا بىرەر شەرت ھازىرلانمايدىكەن زىددىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەسىرگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق شەيئى ئۆزگىرىشىنىڭ شەرتىنى تونۇتۇش ۋە تەتقىق قىلىش دېگىنىمىز ئايرىم شەرتنى ئاڭلىق تونۇتۇش، تەتقىق قىلىش سەۋىيىسىنى شەرت سىستېمىسىنى تونۇتۇش، تەتقىق قىلىش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش، تاق لىنىيىلىكتىن كۆپ لىنىيىلىك تونۇتۇش ۋە تەتقىق قىلىشقا كۆتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن شەيئى ئۆزگىرىشىنىڭ شەرتىنى پۈتۈنلىكتىن، سىستېمىدىن ئىگىلەش دېگەنلىكتۇر.

سىستېما نەزەرىيىسى تەكىتلەيدىغان پۈتۈنلۈكنى ئۆزگىرىش شەرتى ئىگە بولغان مۇكەممەللىكتىن بىلىش ۋە ئىگىلەش بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىچكى باغلىنىشىنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسى جەھەتتىن، يەنى ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ پۈتۈنلىكى بىلەن سىستېمىسىنى قۇرۇلما ۋە فۇنكتسىيىنىڭ ئۆز ئارا ماسلىششى جەھەتتىن بىلىش ۋە ئىگىلەش بولىدۇ. بىزگە مەلۇم بولغان مىخانىك نەزەرىيىنىڭ ئىنتايىن خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا ئاددىيلا ئايرىش بىلەن ئاددىيلا قوشۇش تەكىتلىنىدۇ، يەنى ئورگانىك جىسىم ئاساسىي ئامىللارغا ئايرىلىدۇ ۋە بۇ ئامىللارنىڭ ئاددىي قوشۇلمىسى ئارقىلىق ئورگانىك جىسىمنىڭ خۇسۇسىيىتى ئېنىقلانغان بولىدۇ. پۈتۈنلۈك سۆپىتىدىكى سىستېما نۇقتىئىنەزىرى بۇنداق خاتا نۇقتىئىنەزەرنى رەت قىلىدۇ. پۈتۈنلىكنىڭ ئۆزى ھەر قايسى يەككە قىسىملارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن چوڭ بولىدۇ؛ بۇ يەردە ئېيتىلغان «چوڭ» پەقەت سان بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى سان بىلەن سۈپەتنىڭ بىرلىكىنى، پۈتۈنلۈكنىڭ فۇنكتسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. زىددىيەت ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ پۈتۈنلۈك قائىدىسى ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ مۇكەممەللىككە ھەر قايسى ئۆزگىرىش شەرتلىرىنىڭ مىخانىك قوشۇلمىسى دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ئۇ شەرت پۈتۈنلۈكگە ھەر قايسى ئامىللارنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسى دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ پۈتۈنلۈكنى شەرت پۈتۈنلۈكنىڭ فۇنكتسىيىسى ئارقىلىق بىلىدۇ ۋە ئىگىلەيدۇ. ئوبيېكتىپ مەۋجۇت شەيئىلەرگە يالغۇز ـ يىگانە قارىغاندا ئۇلارنىڭ كۈچىنى بىلگىلى ياكى كۆرگىلى بولمايدۇ، پەقەت ئۇلار ئورگانىك پۈتۈنلىككە بىرىكتۈرۈلگەندىلا ئايرىم ئامىللارنىڭ قۇدرىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولۇپلا قالماي، ھەر قايسى ئامىللار مىخانىك قوشۇلمىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىرەر ئاپتوموبىلنىڭ فۇنكتسىيىسى ھەرگىزمۇ دىۋاگاتىلغا چاقنى قوشقانلىققا تەڭ بولمايدۇ؛ ھەر قانداق بىر ئۈنئالغۇنىڭ فۇنكتسىيىسى ئۈنئالغۇ تەشكىل ئەتكەن دېتاللار فۇنكتسىيىلىرىنىڭ قوشۇلمىسى ئەمەس ئەلۋەتتە. شەيئىلەر ئۆزگىرىش شەرتى ھەر قايسى ئامىللىرىنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسى نېمە ئۈچۈن ھەر قايسى ئامىللارنىڭ مىخانىك قوشۇلمىسى بولمايدۇ؟ بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، شەيئى ئۆزگىرىش شەرتلىرىنىڭ باغلىنىشى بىر بىرىگە ماسلاشقان. ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورگانىك بىرىكمىسىنىڭ باغلىنىشى بولۇپ، بۇ فۇنكتسىيە جەھەتتىكى مىقداردىن يېڭى سۈپەتكە يېتىشنىڭ بىر خىل سىستېما باغلىنىشى بولىدۇ. سىستېما پۈتۈنلىكنىڭ خاراكتېرى ۋە فۇنكتسىيىسى سىستېمىنى تەشكىل ئېتىدى-

غان بىرلىكلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن فۇنكتسىيىسىنىڭ قوشۇلمىسىدىن پەرقلەنگەن بولىدۇ. بۇ سىستېما نەزەرىيىسى پۈتۈنلۈك نۇقتىئىنەزىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا سىستېما ئىدىيىسى ئارقىلىق زىددىيەت ئۆزگىرىش شەرتىنى تەھلىل قىلىشتىكى مۇھىم يېتەكچى ئىدىيە.

مىدىتسىنا پەنلىرىدىكى جۇڭگوچە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشمۇ يۇقىرىدا بىز ئېيتقان پۈتۈنلۈك ئىدىيىسىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ مەلۇم پەۋقۇلئاددا داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە. ئۇ سىستېما ئۇسۇلى ئارقىلىق ئادەم ۋە كېسەلنى ئورگانىك بىرىكتۇرۇشنى نەزەردە تۇتىدۇ، كېسەل پەيدا قىلىدىغان ھەر خىل ئامىللار بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ ھەر خىل شەرتلىرىگە ئورگانىك باغلىنىشتىكى پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئېلىپ بارىدۇ. رېئال ئەمەلىيەتتە، ئەگەر شەرتنىڭ پۈتۈنلىكى ئاساس قىلىنماي بىر-ياكى بىر نەچچىلا شەرت تۇتىلىدىكەن، ئۇنداقتا شەيئىنىڭ مۇمكىنچىلىكتىن رېئاللىققا، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ. بىر ئىككى شەرتنىلا تۇتقاندا گەرچە ئۆزگىرىش ئەمەلگە ئاشقاندىمۇ، لېكىن بۇنداق ئۆزگىرىش مۇستەھكەم بولمايدۇ، ھەتتا بۇ خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەت ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. 60 - يىللارنىڭ ئالدىدا ئەنگلىيىلىكلەر مۇھىت مەسىلىسىگە بىر پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە قارىماي يەككە ئىدارە قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى، شۇ چاغدا تائوس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بەزى زاۋۇتلار ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ھاك سۈيى ئارقىلىق ئىس تەركىۋىدىكى كۈنگۈرت ئوكسىدىنى سۈمۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى، نەتىجىدە پەيدا بولغان كالتسىي سۇلفىدنى دەرياغا قويۇپ بېرىپ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى سۇ بۇلغىنىشىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

بۇ ئەمەلىي پاكىت شەيئىنىڭ مەلۇم تەرىپىنىلا نەزەردە تۇتۇشنىڭ، مەلۇم شەرتكە ئېسىلىۋېلىپ ئۆزگىرىش قىلىشنىڭ نەتىجىسى بىر تەرەپتىكى ئۆزگىرىش مەخسىتىگە يەتكەندىمۇ، يەنە باشقا بىر زىياننىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى جانلىق چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش مۇستەھكەم بولمايدۇ، شۇ ئەھۋالدا ھەقىقىي ئۆزگىرىش مەخسىتىگە يەتكىلىمۇ بولمايدۇ. 60 - يىللاردىن كېيىن ئۇلار تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ مەسىلىنى سىستېما ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلغانلىقتىن ۋە پۈتۈنلۈك نۇقتىئىنەزىرىدىن ئۇنىۋېرسال تىزگىنلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزگىرىش مەقسىتىگە تولۇق يەتكەن. كۆرۈشكە بولىدۇكى، زىددىيەت ئۆزگىرىشنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆزگىرىش شەرتىنى پۈتۈنلىكتىن ئىگىلەشكە توغرى كېلىدۇ.

شەيئىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر خىل باغلىنىشلار زامان ۋە ماكان جەھەتتىن تەرتىپلىك بولىدۇ، ھەر بىر ئامىل سىستېمىسىنىڭ پۈتۈنلۈك قۇرۇلمىسىدا مۇئەييەن ئورۇن ئىگىلىگەن بولىدۇ، پۈتۈن سىستېمىدىكى ھەر قايسى ئامىللار ئوتتۇرىسىدا بىر بىرىنى چەكلەش، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشمۇ تەرتىپلىك بولىدۇ، بۇلار سىستېمىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىكلىكى، زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىش شەرتى بىر سىستېما، بۇ سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمى تەرتىپ قۇرۇلمىسىغا ئىگە.

ئۆزگىرىش شەرتى قۇرۇلمىسىنىڭ تەرتىپى - شەرتنىڭ ئاساسىي تەرىپى ۋە ئىككىنچى ئورۇندىكى تەرىپى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ ئۆزى بىر پۈتۈن سىستېما سۈپىتىدە، ئۇنىڭ ھەر قايسى شەرتلىرى ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلى بولسىمۇ، ئەمما ھەر قايسى ئامىللار ئارىسىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى ۋە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىرى بولىدۇ، شەيئى ۋە مۇھىتنى ئېيتقاندا،

بۇ ئىككى تەرەپ چوڭ بىر سىستېمىنى شەكىللەنـ
دۈرگەن بولۇپ ، ئەنە شۇ چوڭ سىستېمىدا شەيئى
نىڭ ئىچكى ئامىلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بو-
لىدۇ. شەيئى ئىچكى قىسمىنىڭ ھەر قايسى ئامىلـ
لىرىدىن ئېيتقاندا ، ئاساسىي ھەتتا ھەل قىلغۇچ
رول ئوينايدىغان تەرەپلەر بولىدۇ. ئىجتىمائىي
تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر ئورگانىك ئىجتىمائىي سىستېـ
ما ، شۇنداقلا ئادەممۇ مۇكەممەل بىر سىستېما ،
ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باغلىنىش قىـ
رىق نەچچە تۈرلۈك تەڭشىلىش شەكلى ئارقىلىق
تاماملىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى نېرۋا
ۋە بەدەن سۇيۇقلىغىنىڭ تەڭشىلىشى بولۇپ ، نېرۋا
سىستېمىسى يېتەكچى رول ئوينايدۇ. بىز زىددىـ
يەتنىڭ ئۆزگىرىش شەرتىنى سىستېما نۇقتىسىنەزىرى
ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق تەھلىل قىلغىنىمىزدا شەرتنىڭ
كۆپ خىللىقىنى نەزەردە تۇتىشىمىزغا ، كونكرېت
شەرتنىڭ سىستېمىدىكى ئورنى بىلەن رولىنى ئېـ
نىقلاۋېلىشىمىزغا ھەمدە بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساـ
سىي ياكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان باغلىـ
نىشنى چىڭ تۇتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۆزگىرىشـ
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كۆپلىگەن ئامىللار ئىچىدىن
ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئامىلنى تېپىش سىستېـ
مىشۇناسلىقنىڭ مۇھىم پىرىنسىپلىرىدىن بىرى.
شۇڭا سىستېما مودېلىنى بەرپا قىلغاندا ھامان ئو-
مۇمىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي ئامىل ۋە
مۇناسىۋەتنى ئاشكارىلاش شەرت سىستېمىسىدىكى
ئاساسىي زىددىيەتنى ئىگىلىگەنلىك بولىدۇ.

تەرتىپنىڭ ئاساسىي ۋە مۇھىم ئىپادىسى گار-
مونىيە ، ئۆزگىرىش شەرتى پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلـ
دۇرغاندا ، جەزمەن گارمونىيىگە كەلگەن بولۇشى
كېرەك. گارمونىيە سىستېما ئىچىدىكى ھەر قايسى
ئامىللارنىڭ دەرىجىسى ، قاتلىمى ۋە نىسبەت مۇناـ
سىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل گارمونىيە تەرتىۋـ
نى خالىغانچە بۇزۇشقا بولمايدۇ؛ ئەگەر شەرت
سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرتىپ قۇرۇلمـ
سى بۇزۇلىدىكەن ، مۇقەررەر ھالدا پۈتكۈل سىسـ
تېمىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىدۇ ، ھەتتا سىسـ
تېمىنىڭ بەربات بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ،
پۈتكۈل يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى
يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى ماددىي ئىشلەپچىقـ
رىش بىلەن ئېنېرگىيىنىڭ ئالمىشىش قانۇنىيىتىنىڭ
ساقلىنىشىغا بېقىنغان بولىدۇ ، يېزا ئىگىلىك سىسـ
تېمىسىدىكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېنېر-
گىيە يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتوسىنتېزىنى مەنبە
قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدا يېشىل ئۆسۈملۈكلەر بىـ
رىنچى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقارغۇچى ، ئۆسۈملۈكـ
تىن ئوزۇقلانغۇچى ھايۋانلار بولسا ئىككىنچى دە-
رىجىلىك ئىشلەپچىقارغۇچى بولىدۇ ، بۇ ھايـ
ۋانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى
ئىستېمال قىلىشقا تايىنىدۇ ، گۆشخور ھايۋانلار
ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولۇپ ،
ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى يېشىل ئۆسۈملۈكلەر-
دىن ئوزۇقلىنىدىغان ھايۋانلارنى ئىستېمال قىلىشـ
قا بىۋاستە بېقىنغان ۋە يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى
ئىستېمال قىلىشقا ئوزۇقلىنىدىغان ھايۋان ۋە گۆشـ
خور ھايۋان ئوتتۇرىسىدا ئوزۇقلۇق زەنجىرى شە-
كىللەنگەن. مانا بۇ ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئېنېر-
گىيە ئوزۇقلۇق زەنجىرى بويلاپ تەرتىپلىك ئالمـ
شىش جەريانىدىكى تۇراقلىق سان نىسبىتى مۇناـ
سىۋىتى يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى تەرەققىياتىدىكى
بۇنداق تەرتىپ ئۆزگىرىش شەرت سىستېمىسىدىكى
گارمونىينى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە پولات -
تۆمۈر سانائىتىنى مىسالغا ئالساق ، ئادەتتىكى
ئەھۋاللاردا بىر توننا تۆمۈر تاۋلاپ چىقىش ئۈ-
چۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يېرىم توننا كو-
كۇس كېرەك بولىدۇ ، بىر توننا كوكۇس تاۋلاپ
چىقىش ئۈچۈن بولسا بىر يېرىم توننا كوكوس ،

سى پەنلەرنىڭ مۇھىم تەربىيە بولۇپ قالدى.

سىستېما كۆپلىگەن زىددىيەتتىن تەشكىللەنگەن تور. سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت بولغانلىقى ۋە تاشقى مۇھىتنىڭ سىستېمىغا كۆرسەتكەن تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇ ھەرىكەتلەنگەن، تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. تەبىئىي ۋە سۈنئىي سىستېمىلار، ماددىي ۋە ئۇقۇم سىستېمىلىرى مۇقەررەر ھالدا پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقۇلۇش، جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «دۇنيا ئۆزگەرمەس شەيئىلەرنىڭ توپلانمىسى ئەمەس، بەلكى جەريانىنىڭ توپلانمىسى» ② فونكتسىيىسنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپلا قالماي، بەلكى سىستېما ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ۋە تەرەققىي كوكۇس كېرەك بولىدۇ، بىر تونا كوكۇس تاۋلاپ چىقىش ئۈچۈن بولسا بىر يېرىم تونىنا كوكوس، كۆمۈرى كېرەك بولىدۇ، بىر تونىنا كوكوس كۆمۈرى ئۈچۈن ئوتتۇرىچە ئىككى تونىنا كۆمۈر بولۇش كېرەك، بۇ سانلار ئارىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى بىز ئېيتقان گارمونىيىنىڭ ئۆزىدۇر. نىسبەت ماسلاشمايدىكەن گارمونىيىگە كېلىش مۇمكىن ئەمەس، پولات - تۆمۈر سانائىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ.

زىددىيەت ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ گارمونىيىسى ئادەتتە مۇئەييەن سان ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ گارمونىيىسىنى بىلىشتە ئالدى بىلەن مىقدارنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر قانداق بىر سىستېما كۆپ تەرەپلىمىلىك مىقدار بەلگىلىمىلىككە ئىگە. مەسىلەن: سىستېمىنى تەشكىل ئەتكەن ھەر قايسى ئامىللارنىڭ مىقدارى ھەممە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى، بىر بىرىگە باغلىنىشى مەلۇم قۇرۇلمىنىڭ مىقدارىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى، سىستېمىنىڭ

كۆمۈرى كېرەك بولىدۇ، بىر تونىنا كوكوس كۆمۈرى ئۈچۈن ئوتتۇرىچە ئىككى تونىنا كۆمۈر بولۇش كېرەك، بۇ سانلار ئارىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى بىز ئېيتقان گارمونىيىنىڭ ئۆزىدۇر. نىسبەت ماسلاشمايدىكەن گارمونىيىگە كېلىش مۇمكىن ئەمەس، پولات - تۆمۈر سانائىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ.

زىددىيەت ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ گارمونىيىسى ئادەتتە مۇئەييەن سان ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ گارمونىيىسىنى بىلىشتە ئالدى بىلەن مىقدارنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر قانداق بىر سىستېما كۆپ تەرەپلىمىلىك مىقدار بەلگىلىمىلىككە ئىگە. مەسىلەن: سىستېمىنى تەشكىل ئەتكەن ھەر قايسى ئامىللارنىڭ مىقدارى ھەممە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى، بىر بىرىگە باغلىنىشى مەلۇم قۇرۇلمىنىڭ مىقدارىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى، سىستېمىنىڭ فۇنكتسىيىسى ۋە ھەرىكىتى، سىستېما ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تاشقى شەرتنىڭ مىقدارى، سىستېما ئۆزگىرىشىنىڭ مىقدارى قاتارلىقلار ئەنە شۇ مىقدار بەلگىلىمىلىكىنىڭ جۇملىسىدىندۇر. سىستېما مىقدارىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى خىلمۇ - خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ماتېماتىك تىل ئارقىلىق بايان قىلىش مۇمكىن. ماركسنىڭ قارىشىچە «بىر پەن ماتېماتىكىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك تەدبىقلىيەلىگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ.» ① زىددىيەت ئۆزگىرىش شەرتىنى توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن ماتېماتىكىنى قوللانماي بولمايدۇ. ھازىرقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە، خۇسۇسەن پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىدا سان ئۇقۇمىنى تەكىتلەش، زىددىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ھەر خىل شەرتلىرى ئۈستىدە مىقدار تەھلىلى ئېلىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. نۆۋەتتە ماتېماتىكىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرگە سىڭىپ كىرىشى زامانىۋىلاشقان ھەر قاي-

---

① لاپارگ: «ماركس - ئېنگېلس توغرىسىدا ئەسلىمىلەر»، 7 - بەت

② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» ،4 - توم، 240 - بەت.

فۇنكتسىيىسى ۋە ھەرىكىتى ، سىستېما ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تاشقى شەرتنىڭ مىقدارى ، سىستېما ئۆزگىرىشىنىڭ مىقدارى قاتارلىقلار ئەنە شۇ مىقدار بەلگىلىمىلىكىنىڭ جۇملىسىدىندۇر. سىستېما مىقدارىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى خىلمۇ - خىل بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنى ماتېماتىك تىل ئارقىلىق بايان قىلىش مۇمكىن. ماركسنىڭ قارىشىچە « بىر پەن ماتېماتىكىنى مۇۋاپىقيەتلىك تەدبىقلىيەلىگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ. » ① زىددىيەت ئۆزگىرىش شەرتىنى توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن ماتېماتىكىنى قوللانماي بولمايدۇ. ھازىرقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە ، خۇسۇسەن پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىدا سان ئۇقۇمىنى تەكىتلەش ، زىددىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ھەر خىل شەرتلىرى ئۈستىدە مىقدار تەھلىلى ئېلىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. نۆۋەتتە ماتېماتىكىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرگە سىڭىپ كىرىشى زامانىۋىلاشقان ھەر قايسى پەنلەرنىڭ مۇھىم تەرەپپى بولۇپ قالدى.

سىستېما كۆپلىگەن زىددىيەتتىن تەشكىللەنگەن تور. سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت بولغانلىقى ۋە تاشقى مۇھىتنىڭ سىستېمىغا كۆرسەتكەن تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇ ھەرىكەتلەنگەن ، تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. تەبىئىي ۋە سۈنئىي سىستېمىلار ، ماددىي ۋە ئۇقۇم سىستېمىلىرى مۇقەررەر ھالدا پەيدا بولۇش ، تەرەققىي قىلىش ، يوقۇلۇش ، جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. ئېنگېلس ئېيتقاندەك : « دۇنيا ئۆزگەرمەس شەيئىلەرنىڭ توپلانمىسى ئەمەس ، بەلكى جەريانىنىڭ توپلانمىسى » ② فونكتسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپلا قالماي ، بەلكى سىستېما ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ۋە تەرەقالغا ئىلگىرلەتتى ، پەن - تېخنىكىنىڭ ئالشىگە ئەگىشىپ ، شەيئى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى مۇقەررەر ھالدا بىر سىستېمىدىن يەنە بىر تېخىمۇ يۈكسەك سىستېمىغا ئۆزگىرىدۇ. لېكىن زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى خىلمۇ - خىل سەۋەبلەردىن ئۆزگىرىش شەرت سىستېمىسى ئىچكى قىسمىنىڭ نورمال مىخانىزمىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ ، بىر سىستېما يەنە بىر تەساۋۋۇر قىلمىغان سىستېمىغا ئۆزگىرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ، ئۆزگىرىش شەرتىنىڭ تەدرىجى يېتىلىشىگە ئەگىشىپ بىر سىستېما تېخىمۇ يۈكسەك سىستېمىغا ئايلىنىشى مۇمكىن ، بۇ خىل ئۆزگىرىش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن بەزى يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. شەرت سىستېمىسىنىڭ ھەرىكەتچانلىقىغا ئاساسەن ، بىز شەرت سىستېمىسىنى تەدرىجى يېتىلىش جەريانى دەپ قاراش بىلەن بىللە ، شەرت سىستېمىسى يېتىلگەن كىرتىك نۇقتىغا ۋاقتىدا ، توغرا ھۆكۈم قىلىش ، ھالقىلىق زامان ۋە ماكانىنى چىڭ تۇتۇش ، شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. ھازىرقى زامان سىستېما پەنلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئىنسانلار بىلىشىنى ئىلمىيلاشتۇردى ، كىشىلەر دۇنيانى پائالىيەتچانلىق بىلەن بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش جەريانىدا ، ھامان ئۆزلىرىنىڭ بىلىش ئىقتىدارى بىلەن ئەمەلىيەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ بارىدۇ ، بىزنىڭ سىستېما نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ زىددىيەت ياكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىش شەرتىنى تەھلىل قىلغانلىقىمىز ، ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىگەنلىكىمىز بارلىق زىددىيەت ياكى شەيئىلەرنىڭ خەلقئە ، جەمئىيەتكە پايدىلىق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىمىزدۇر. ئەگەر بىز دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق سىستېما پەنلىرىنىڭ مۇۋاپىقيەتلىرىنى يەكۈنلىسەك ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىگىلىشىمىزگە پايدىلىق.

---

① لاپارگ: « ماركس - ئېنگېلس توغرىسىدا ئەسلىمىلەر » ، 7 - بەت

② « ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى » ،4 - توم ، 240 - بەت.

uyghurkitap.com



# ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

ئوسمان مۇھەممەد

يولداش جاڭزېمىن پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا: ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت دەپ كۆرسەتتى. بۇ نىشان كېيىن پارتىيە نىزامنامىسىگە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىگە قوشقان بىر تۆھپىسى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

سوتسىيالىزمدا بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تۆۋەندىكىلەردىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

1. پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشقا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى.

پىلانلىق ئىگىلىكنى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى قىلىۋېلىش ئەنئەنىۋى سوتسىيالىستىك ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ بىر ئاساسىي قائىدىسى. ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە پىلانلىق سوتسىيالىستىك ئىگىلىكلا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي بەلگىسى دەپ ھېسابلاندى. ئەمەلىيەت بۇنداق قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. (1) بازار مېخانىزمىنىڭ ئىقتىسادنى تەڭشىشى گەرچە ستىخىيىلىك تۈردە يۈز بەرسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا مەلۇم تەرتىپ بويىچە بولىدۇ. تا ھازىرغىچە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە، ئىجتىمائىي ئەمگەكنى نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىشى ۋە بايلىقلارنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىشتا، يەنىلا بازار مېخانىزمى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتە بولۇپ كەلمەكتە. بازار مېخانىزمىنىڭ تۈرلۈك يېتەرسىزلىكلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە بايلىقلارنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان باشقا بىر خىل مېخانىزم شەكىللەنگىنى يوق. (2) سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بەرپا قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىكى پەرقى ۋە زىددىيىتىنى تۈپتىن يوق قىلىۋەتمىدى. شۇنداقلا ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنىمۇ يوق قىلىۋەتمىدى. شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولماقتا. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن ئايرىم كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچەپچىقىرىشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. كارخانىلار يەنىلا مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، پايدىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش نىشانى ۋە بازار مېخانىزمىنىڭ تەڭشەش رولىغا ئىتائەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتە پىلان بازارنىڭ ستىخىيىلىك تەڭشەش رولىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ماھىيەتتە، پەقەت كارخانىنىڭ مۇستەقىل تىجارەت قىلىشى ۋە بازارنىڭ تەڭشىشى ئاساسىدىكى ۋاستىلىق پىلانىنىلا يولغا قويغىلى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك

ئىقتىساد بىلەن كاپىتالىستىك ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق يوق. ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك نەزەرىيىسى ۋە پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى بازار مېخانىزمىنى چەتكە قاقىدىغان بىۋاستە بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننى بەلگە قىلغان. بىۋاستە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ تەكشىشى ئەمەلىيەتتە مۇمكىن بولمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا، ھەقىقىي مەنىدىكى پىلانلىق ئىگىلىكمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي بەلگىسى بولغان پىلانلىق ئىگىلىكمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. (3) ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەنئەنىۋى سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك ھەرگىزمۇ كىشىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق بىۋاستە بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانلار ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىپ، بايلىقلارنىڭ مۇۋاپىق تەقسىملىنىشىنى كاپالەتلەندۈرەلمىدى. ئەكسىچە، سانائەتلەشتۈرۈشنى باشلىغان ئالاھىدە تەرەققىيات دەۋرىدىن سىرت، ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ بۇزۇلۇشى، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ماسلىشالماسلىق، بايلىق، ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشى قاتارلىق پىلانسىزلىق ۋە نىسبەت بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

2. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ئەمەس. ئۇ پەقەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى مەبلەغ جۇغلاش باسقۇچىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان بەزى دۆلەتلەردە ئورنىتىلغان. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كاپىتالىزم بىلەن بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقنى ئازايتىپ، ئىچكى - تاشقى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن مەبلەغنىڭ جۇغلىنىشىنى تېزلىتىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى چەكلىك بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سانائەتلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش زۆرۈر ئىدى. مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى دەل مۇشۇنداق بىر خىل يىرىك راۋاجلىنىش باسقۇچىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلما نىسبەتەن ئاددىي، ئىقتىسادىي نىشانمۇ نىسبەتەن ئاددىي، ئىقتىسادنى سىياسىلاشتۇرۇش خاھىشى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغانلىقتىن، مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويۇش زۆرۈر ئىدى. ھەمدە مۇمكىنچىلىكمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىت ئاستىدا، دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، سانائەتلىشىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشتە پايدىلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت ئىچىدىكى يېڭى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق ئىدى. لېكىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا، جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپە سىنىپىي كۆرەشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى.

شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنىڭ ئۇلارنىڭ
سىياسىي قىزغىنلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىشى ئىقتىسا-
دىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈر-
گۈچى كۈچى بولۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقى-
رىدىن تۆۋەنگىچە بولغان مەمۇرىي بۇيرۇقلار ئار-
قىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش بى-
لەن ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغى-
لى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ئىق-
تىسادىي ھەرىكەت جەريانىدىكى ھەرىكەتلەندۈر-
گۈچى كۈچ كەم بولۇش مەسىلىسى كۈنسېرى ئې-
غىرلاشتى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ تېخ-
نىكا يېڭىلاش ۋە بايلىقلارنى تەقسىم قىلىشنىڭ ئۈ-
نۈمى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ھالقىلىق مەسىلە
بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەپچىقارغۇ-
چىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قارار قىلىشى ۋە ئىچكى ھە-
رىكەتلەندۈرگۈچىسى بولمىسا، ئۇ چاغدا تېخنىكا
يېڭىلاشنىڭ ئۈنۈمى مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلى-
غىلى بولمايدۇ. تەلەپ بىلەن تەمىناتنىڭ ئۆزگى-
رىشى كۈنسېرى مۇرەككەپلەشمەكتە، ئۇچۇر يىغىش
ۋە يەتكۈزۈش كۈنسېرى مۇرەككەپلەشمەكتە. مەر-
كەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى تە-
مىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى كۈنسېرى قىيىنلىشىپ
ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە قاتاللى-
شىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق ئەھۋال ئاستى-
دا، مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار
ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تە-
لىپى بولۇپ قالدى. ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋا-
لىرىدىن قارىغاندا، پىلانلىق ئىگىلىك ھازىرقى
زامان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ۋە ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلى-
شالماي بايلىقلارنى ئۈنۈملۈك تەقسىم قىلىشنى
ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.
يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق
ئىگىلىك مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ
ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى
قاتاللاشتۇرۇپ، تاۋار بىلەن تەمىنلەش ئۈزۈلۈپ
قالىدىغان، بايلىقلارنى ئىسراپ قىلىۋېتىدىغان
ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇش بىر
خىل تارىخ ئېقىمىدۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگى-
لىكىنى بەرپا قىلىش جۇڭگو ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى-
نىڭ ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈ-
سۈندىكى تاللىشىدۇر.

3. سوتسىيالىزم بازار ئىگىلىكىنى يولغا قو-
يۇشتا چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە.

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك يۇكسەك دەرىجىدە
تەرەققىي قىلغان ئىجتىمائىيلاشقان تاۋار ئىگىلىك-
دۇر. بازار ئىگىلىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن تا-
ۋار ئىگىلىكىنىڭ ئىككى شەرتى يەنى ئىجتىمائىي
ئىش تەقسىماتى ۋە شۇ ئاساستىكى ئىشلەپچىقار-
غۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە
تىجارەتتىكى مۇستەقىللىق بولغانلىقىدىن سىرت، يەنە
باشقا ئىككى شەرت يەنى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك
ئىشلەپچىقىرىش ۋە شۇ ئاساستىكى پۈتكۈل بايلىق
ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى تەقسىم قىلىش
بازارلاشقان بولۇشى شەرت. بۇ شەرتلەرنىڭ
ھەممىسى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ ئىچىدە
ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولۇپ، سوتسىيالىستىك با-
زار ئىگىلىكىنى مۇقەررەر ھالدا پەيدا قىلىدۇ. ھا-
زىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىستىك
ئىگىلىك بىر خىل تاۋار ئىگىلىكىدۇر. ئۇ سوتسىيا-

لستك ئجتمائيلاشقان يىرىك ئشلەپچقرشنى ئاساس قلغان بولۇپ، بايلىقلارنى تەقسىم قلشنڭ ئاساسي شەكلى سۈپىتىدىكى تەرەققىي قلغان تاۋار ئگلكىدۇر. ئجتمائيلاشقان يىرىك ئشلەپچقرش ئجتمائي ئش تەقسىماتنى تېخمۇ كەڭ تۈردە راۋاجلاندۇردى. هەر قايسى تارماقلار ۋە كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆز ئارا بېقىنىشنى تېخمۇ قويۇقلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئجتمائي ئقتسادي پائالىيەتلەردە بايلىقلارنى تەقسىم قلشنڭ هەممىسى تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتى ۋە بازارنىڭ تەڭشىشى ئاساسىغا ئورنۇتۇلۇپ، بازار مېخانىزمى بايلىقلارنى تەقسىم قلشنڭ ئاساسي شەكلىگە ئۆزگەردى.

4. بازار ئگلكى سوتسيالستك ئقتسادي تۈزۈلمنى زور ئۈستۈنلۈككە ئگە قلدۇ.

بازار ئگلكنى يولغا قويغاندا، سوتسيالستك ئگلك تېخمۇ زور هاياتي كۈچكە، تېخمۇ ياخشى تەڭشەش مېخانىزمغا ئگە بولۇپ، سوتسيالستك ئگلك ئۇدا، مۇقىم، ماسلاشقان هالدا راۋاجلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى سوتسيالستك ئگلكتكى زور بىر مەسلە ئۇنىڭدا هاياتي كۈچنىڭ كەمچىلكى ۋە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ قىيىنلقى مەسلىسىدۇر. بازار ئگلكنى يولغا قويغاندا مەسلىلەرنى ئوبدان هەل قلغىلى بولىدۇ، سوتسيالستك ئقتسادنىڭ تەرەققىياتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

بازار ئگلكنى يولغا قويغاندا، مۇقەررەر هالدا ئەنئەنىۋى ئقتسادي تۈزۈلمدە زور ئۆزگرش يۈز بېرىدۇ، نەتىجدە سوتسيالستك ئقتسادي تۈزۈلمە رېئال ئشلەپچقرش كۈچلىرىنىڭ تەلپىگە تېخمۇ ياخشى ماسلىشىدۇ. ئەمەلىيەتكە تېخمۇ ئۇيغۇنلىشىدۇ. بۇ سوتسيالستك ئقتسادي تەرەققىياتنىڭ تېزلىتىلشگە پايدىلىق. ئىلگىرى بازار ئگلكى چەتكە قېقىلىپ، بازار سوتسيالستك ئگلكنى ياتلاشتۇرىدىغان كۈچ دەپ قارالدى. نەتىجدە شەكىللەنگەن ئقتسادي تۈزۈلمە ئەمەلي ئەهۋالغا ماس كەلمەيدىغان، مەلۇم خىيالپەرەسلىك خاراكتېرىنى ئالغان تۈزۈلمە بولۇپ، بۇنداق ئقتسادي تۈزۈلمە ئەمەلىيەتتە سوتسيالستك ئقتسادي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قلدى. بازار ئگلكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇنداق ئەهۋاللار ئۆزگەرتىلدى. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بازار ئگلكنىڭ يولغا قويۇلشى بىلەن سوتسيالستك ئقتساد نەزەرىيىسى ۋە ئقتساد ئەمەلىيىتىدە زور سەكرەش يۈز بەردى.

بازار ئگلكنى يولغا قويغاندا، سوتسيالستك ئقتسادنىڭ هەرىكەت مېخانىزمىدا زور ئۆزگرش يۈز بېرىپ، سوتسيالستك ئقتسادنىڭ هەرىكەت مېخانىزمنى تېخمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ ۋە ئلمىيلاشتۇرىدۇ. ئشلەپچقرش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئمكانىيىتىگە ئگە قلدۇ. بازار ئگلكنى يولغاقويغاندا، سوتسياليزمنىڭ ئقتسادي نەزەرىيىسنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى تېخمۇ ئلمىيلاشتۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بازار ئگلكنى يولغا قويۇش سوتسياليزمنىڭ ئقتسادي نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ چېكىنگەنلكى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سەكرىشى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

# ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

ئارسلان ئەھمەد زىيائى

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق گۈللەپ - ياشنىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جايلاشقان ئورنى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ، بۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ پايدىلىق شەرتى. ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما، تۈرلۈك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان باشقا ئىلغار رايونلارغا قارىغاندا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان، ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە يۈرۈش قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئۇنى ئىلغار رايونلار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا تەكشى يۈكسىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش جىددىي تۈتۈش قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە. ئەمما شۇنى كۆرۈش كېرەككى، مىللىي رايونلارنى تەرەققىي قىلغان باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن، تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى مۇرەككەپ، قاتناش قولايسىز، ئۇچۇر راۋانلاشمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى تۈزۈلمىنىڭ كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئورنىنى ئېلىش مۇساپىسى ئاستا قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇل ۋە شەكىللىرىنى مىللىي رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا شۇ بويىچە قوللىنىشقا ياكى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ ئەكىلىشكە بولمايدۇ. شۇڭا، مىللىي رايونلار ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يۇقىرىقى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا جانلىق تەتبىق قىلىشقا، شۇ ئاساستا مىللىي رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولغان ئۇسۇل، چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئۇسۇل ۋە شەكىللىرى كۆپ بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن بازار يېتەكچىلىكى بىلەن دۆلەت يېتەكچىلىكىدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بازار يېتەكچىلىكىنى قوللىنىش ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى بازار ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئۆزلىكىدىن تەڭشىشىگە يول قويۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ بىر قەدەر جانلىق بولغان بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇلىدۇر. دۆلەت يېتەكچىلىكى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي

فونكسىيىنى ئىشقا سېلىپ، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بويىچە ئىقتىسادىي پىشاڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي ۋاستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىلاستىكلىققا ئىگە ۋاستىلىق ئۇسۇلدۇر. مەيلى بازار يېتەكچىلىكى بولسۇن ياكى دۆلەت يېتەكچىلىكى بولسۇن، ھەر ئىككىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر ـ بىرىگە بېقىنىدىغان ئۈنۈملۈك يېتەكلەش ئۇسۇللىرى بولغانلىقتىن، بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە ياكى بىرىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ يەنە بىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**• بازار يېتەكچىلىكى**

مىللىي رايونلاردا بازارنىڭ رولىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ بازار يېتەكچىلىكىنى قوللىنىش، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى يولىغا باشلاپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بازار يېتەكچىلىكىنى قوللىنىش تاۋار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى بازار قانۇنىيەتلىرى ۋە بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزلىكىدىن تەڭشىشى ۋە ياخشىلىشىغا قويۇپ بېرىش، رىقابەت مېخانىزمىنىڭ رول ئوينىشى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، سەرپىياتىنى، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. بازار تاۋار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ھەم بېسىم كۈچى سۈپىتىدە ئۇلاردىن بازار رىقابىتىدە ئۇتۇپ چىقىش ياكى مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىنى تاللىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن بازار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان مىللىي رايونلاردا بازار يېتەكچىلىكى قوللىنىلسا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

مىللىي رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا بازار يېتەكچىلىكىنى قوللىنىشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ:

بىرىنچى، بازارلارنى دادىللىق بىلەن ئېچىۋېتىش. بازار تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، بازار مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۈكسىلىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بېشارىتى. بازار قانچە ئېچىۋېتىلسە ۋە قانچە كېڭەيسە شۇ مىللەت، شۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاقىسى شۇنچە كۈچىيىدۇ، رىقابەت ئېڭى ئۆسىدۇ، رىقابەت ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلگىرىلەپ مىللەت روناق تاپىدۇ. تارىختىكى مەشھۇر «يىپەك يولى» نىڭ ئېلىمىز مىللەتلىرىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا مىللەتلىرىنى بىر ـ بىرىگە تونۇتقانلىقىدەك پاكىت ھەممىگە ئايان. مىللىي رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان، بازار مۇناسىۋەتلىرى چەكلىمىگە ئۇچراپ بازارلارنى ئېچىۋېتىشكە سەل قارالغان ھەتتا بەزى مىللىي رايونلاردا ئىپتىدائىي بازارمۇ شەكىللەنمىگەن. بۇنداق ھالەت داۋاملىشىۋەرسە ئۇنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، مىللىي رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئەسلىدىكى بازار بېكىنمىچىلىكى، بازار قاتماللىقى ۋە بازارلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشتەك ھالەتكە خاتىمە بېرىش، ئىشنى بازارلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىۋېتىشتىن باشلاش لازىم.

ئىككىنچى، بىرلىككە كەلگەن بازار سىستېمىسى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش. سوتسىيالىستىك بىرلىككە كەلگەن بازار سىستېمىسى كەڭ دائىرىلىك بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە بولۇپ، ئۇ يالغۇز ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى بىلەن ئىستېمال ۋاستىلىرى بازىرىنىلا ئەمەس، يەنە مەبلەغ بازىرى، ئەمگەك مۇلازىمىتى بازىرى قاتارلىق تۈرلۈك بازارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بازار سىستېمىسىنىڭ يېتىلىش ۋە مۇكەممەللىشىش دەرىجىسى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى بولۇپمۇ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم بەلگە ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن بازار سىستېمىسى تېخى مۇكەممەل ئەمەس. مىللىي رايونلار بولسا تېخى ئىپتىدائىي باسقۇچتا تۇرماقتا. ھازىرقىدەك بىر خىللا بولغان تار دائىرىلىك تاۋار بازىرىغا تايانغاندا، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى، ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلارنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈرۈش، بولۇپمۇ مىللىي رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن مەبلەغ بازىرى ۋە تېخنىكا بازارلىرىنى ئېچىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە ھەم تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا ھەم تاۋار مۇئامىلىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش. تاۋار ئىگىلىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تاۋار مۇئامىلىسىنىڭ ئورگانىك بىرلىكى بولۇپ، بۇلار قانۇنىيەتلىك ھالدا بىر ـ بىرىگە باغلانغانلىقتىن ئايرىۋېتىشكە، ياكى بىرسىگە ئەھمىيەت بېرىپ يەنە بىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار مۇئامىلە ئارقىلىق قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى جەريانىدا بازار ۋە بازار قانۇنىيەتلىرىگە سەل قارالغانلىقتىن نوقۇل ھالدا ئىشلەپچىقىرىشقىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ مۇئامىلە تەكىتلەنمىگەن، بولۇپمۇ مەھسۇلاتلار سودا تارماقلىرى تەرىپىدىن ھۆددە قىلىنىۋېلىپ سېتىۋېلىنغان ۋە سېتىلغان، باھاسى ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئۆلۈك بەلگىلەنگەن، نەتىجىدە بىر قىسىم مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەشتە جىددىيلىك كۆرۈلسە بىر قىسىم مەھسۇلاتلار بېسىلىپ قېلىپ تەمىنلەش ۋە ئېھتىياجنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان، بازارلار جانلىنالمىغانىدى. تاۋار مۇئامىلىسى جانلانسا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى بازارنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش رولىدىن پايدىلىنىپ بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغىلى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتىكى بىر قىسىم قارىغۇلۇقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ مۇئامىلە جەريانىدىكى تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە باھا سىگنالىنىڭ بىشارەت بېرىشىگە ماسلىشىپ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى تەڭشەلەيدۇ ۋە تېگىشلىك ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ.

تۆتىنچى، ئۇچۇرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش. ئۇچۇر ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ بارغانسېرى يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇچۇرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرۇشتىكى رولى بارغانسېرى گەۋدىلەنمەكتە. مىللىي رايونلاردا تۈرلۈك ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇچۇرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا سىڭىپ كىرىشى بىر قەدەر قىيىن بولۇۋاتىدۇ ياكى تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. بۇ ھالەتمۇ مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەلۇم تەسىر يەتكۈزمەكتە. شۇڭا ئۇچۇر ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادى تەرەققىياتنى سىلجىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى بازار ئۇچۇرىنى ئىگىلەشكە، ئۇنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ توغرا يەكۈن چىقىرىشقا، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى بازار ئېھتىياجىغا

ماسلاشتۇرۇپ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكلەش لازىم.

مىللىي رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بازار ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ كونكرېت شەكىللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش مىللىي ئىگىلىك تەتقىقاتىدىكى مۇھىم مەسىلە. بازار ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ مىللىي رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەلپىگە لايىقلىشىپ ئۈنۈملۈك رول ئوينىيالايدىغان كونكرېت شەكىللىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، خوشنا رايونلار بازىرى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش. خوشنا رايونلاردا مىللىي رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان بەزى شەرت - شارائىتلار بار، يوشۇرۇن كۈچ زور. خوشنا رايونلار بولسا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بەزى مۇھىم ئامىللىرى، مەسىلەن، مەبلەغ تېخنىكا، تالانتلىق خادىملار قاتارلىقلاردا ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. خوشنا رايونلار بازىرى ئارقىلىق مىللىي رايونلار بازىرىغا يېتەكچىلىك قىلىنىپ تەسىر كۆرسىتىلسە، ئۇ هالدا، مىللىي رايونلار بىلەن خوشنا رايونلار ئوتتۇرىسىدا توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، هەمكارلىق كۈچىيىدۇ - دە، بازار دائىرىسى كېڭىيىدۇ، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلاشقا، ئۈستۈنلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، مىللىي رايونلار بىلەن خوشنا رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى، بولۇپمۇ مىللىي رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى جانلاندۇرۇپ تەرەققىيات، سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، مەملىكەت خاراكتېرلىك بازار ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش. مىللىي رايونلارنىڭ بەزى مەهسۇلاتلىرى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى بازارلىرىدا بازىرى ئىتتىك تاۋارلار بولۇپ، تا هازىرغىچە تەمىنلەش ئېهتىياجىنى قاندۇرالماي كەلمەكتە. مىللىي رايونلار بۇنداق ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ تۇرالمىسا، باشقا رايونلارنىڭ ئوخشاش خىلدىكى تاۋارلىرىنىڭ بازار ئىگىلەش رىقابىتىگە دۇچ كېلىدۇ، هەتتا ئەسلىدىكى بازار ئېهتىياجىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مۇقەررەر يوسۇندا قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، مىللىي رايونلار مەملىكەت خاراكتېرلىك بازارلارغا يۈزلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشى، تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى بارغانسېرى ياخشىلىشى، شۇ ئارقىلىق مىللىي ئالاهىدىلىككە ئىگە تاۋارلار بىلەن تەمىنلەشتە مونوپول ئورۇننى ئىگىلەشكە تىرىشىشى، يەنە بىر تەرەپتىن مەملىكەت خاراكتېرلىك بازارلاردىن مەبلەغ، تېخنىكا، تالانتلىق خادىملارنى كىرگۈزۈپ، تېخنىكىنى ياخشىلاپ، تەننەرخنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

ئۈچىنچى، خەلقئارا بازار ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئېلىمىزنىڭ چەت چېگرا رايونلىرىغا جايلاشقان. بۇ رايونلار ئەتراپىتىكى خوشنا دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن تارىختىن بۇيان سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت جەھەتلەردە قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي رايونلارنىڭ بەزى ئالاهىدە مەهسۇلاتلىرى خەلقئارا بازارلاردا خېلى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە. بۇلار مىللىي رايونلار ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يەنە بىر مۇھىم پايدىلىق شەرتى. ئەمما خەلقئارا بازاردا رىقابەت تېخىمۇ كەسكىن، بازار ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان، ئېهتىياج كۆپ خىل ۋە مۇرەككەپ بولغاچقا بۇنىڭغا ۋاقتىدا لايىقلاشمىغاندا، مىللىي داڭلىق مەهسۇلاتلار خەلقئارا بازاردىكى باشقا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئوخشاش تۈردىكى تاۋارلىرى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا، خەلقئارا بازار ئارقىلىق ئۇچۇر ئىگىلەپ، مىللىي ئالاهىدىلىككە ئىگە ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى، سۈپىتى، ئۆلچىمى، ئوراش - قاچىلاش، توشۇش، ئېلان قىلىش قاتارلىق هالقىلىرىغا بولغان تەلەپنى كۈچەيتىش لازىم. سەيلى - ساياھەتچىلىك ئىشلىرى مىللىي رايونلارنىڭ خەلقئارا

www.uyghurkitap.com



بازارغا يۈزلىنىشى ۋە ئۆزىنى دۇنياغا تونۇتۇشىدىكى مۇھىم ۋاستە. بۇ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقىمۇ ماھىر بولۇش ئىنتايىن مۇھىم.

**دۆلەت يېتەكچىلىكى**

دۆلەت يېتەكچىلىكى مەركەز ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بازار مېخانىزمى ۋە بازار قانۇنىيەتلىرىنىڭ رولىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ۋاسىتىلار ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت يېتەكچىلىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى نورمال ئىزغا چۈشۈرۈشنىڭ يەنە بىر خىل ئىلمىي ئۇسۇلى سۈپىتىدە بازار مېخانىزمىنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رول ئوينىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

مىللىي رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا قوللىنىدىغان دۆلەت يېتەكچىلىكىنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش — ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان مىللىي رايونلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش پىلانىغا ئاساسەن، بەزى قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە بەزى تارماقلارغا مەبلەغ سېلىش ياكى كۆپەيتىپ سېلىش ئارقىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بەزى ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشىگە مەبلەغ سېلىپ تاۋارلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كان بايلىقلىرى مول بولغان رايونلاردا تاشيول ياساش، ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇش قاتارلىقلارغا مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى ھەم يەرلىك ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ۋە باشقىلار. مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈپ بېيىش يولىغا قەدەم تاشلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاسىتىلارنىڭ بىرى، ئەمما، بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم — بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى، شۇڭا، دۆلەت مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلغاندا ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش بىلەن بىللە، يەنە مىللىي رايونلارنىڭ ھازىرقى مەنپەئەتى بىلەن كەلگۈسى مەنپەئەتى، ئېكولوگىيىلىك تەكشۈلۈكنى ساقلاش قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىمۇ كۆزدە تۇتۇش لازىم.

ئىككىنچى، پەن — تېخنىكا ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش. پەن — تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. دۇنيا ئىقتىسادىي رىقابىتىنىڭ ماھىيىتى پەن — تېخنىكا رىقابىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مىللىي رايونلاردىكى پەن — تېخنىكا تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ، بۇ ھالەت مىللىي رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىگە خېلى زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلماقتا. شۇڭا، مىللىي رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا دۆلەت يېتەكچىلىكىنى يولغا قويغاندا پەن — تېخنىكا ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشقا ئالاھىدە جىددىي قاراشقا توغرا كېلىدۇ: مائارىپنى تۇتۇش، ئەقلىي قابىلىيەتكە مەبلەغ سېلىش ئاقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن — مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت تالانتلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈرۈش، باشقا رايونلاردىن پەن — تېخنىكا خادىملىرىنى كۆپلەپ جەلپ قىلىش، ئىلىم — پەن نەتىجىلىرىنى تېزدىن ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىش قاتارلىقلار پەن — تېخنىكا ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇچۇر ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش. دۆلەت فۇنكسىيىلىك ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ئالاقىدار بولغان تۈرلۈك ئۇ-

چۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك راۋاجلىنىشىغا يار - يۆلەكتە بولۇش پائالىيەتلىرىدۇر. ئۇچۇرنىڭ ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى رولى ناھايىتى چوڭ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئارقىدا قالغان مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىملىقىنى ئارتۇقچە تەكىتلەش ھاجەتسىز. دۆلەتنىڭ فۇنكسىيىلىك ئورگانلىرى ئۇچۇر ئارقىلىق يېتەكلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى، يالغۇز تاۋارلار بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېھتىياجنىڭ سان - سۈپەت ئۆزگىرىش ئەھۋالى، باھادىكى داۋالغۇش قاتارلىق بازارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىۋاستە ئۇچۇرلارنىلا ئەمەس، يەنە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى كۆپلەپ ئانالىز قىلىشى، ئۇنى تورلۇق ۋاستە ۋە يوللار ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىپ، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ مۆرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان بازارغا تېزدىن ماسلىشىشىغا ياردەم بېرىشلىرى لازىم.

تۆتىنچى، سىياسەت ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش. بۇ دۆلەتنىڭ مالىيە، باج، باھا، ئامانەت - قەرز، ئۆسۈم، ئىش ھەققى قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭلارنىڭ رولىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، ئالاھىدە ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق مىللىي رايونلاردىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشكە، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى قۇۋۋاپىقلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىدىن تەكشى راۋاجلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىدۇر. سىياسەت ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ماكرولۇق تىزگىنلەشتىكى مۇھىم يوللىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئاقىلغا پەس ئادەم كۆرسەتسە جاپا،
كۆپ ئەلەم چەكمىسۇن، بولمىسۇن خاپا.
ئالدىي تاش سۇندۇرسا زەر قاچىنى گەر،
تاش داڭقىر ئۆسمەيدۇ، كەمسىتىلمەس زەر.

بىلمەس ئۇ، ناغرىنىڭ ئاۋازى دائىم،
«ئەجەم» كۈيىنمۇ باسىدۇ ئاسان.
دانانى شەرمەندە قىلدىمغۇ، دەيدۇ،
غۇرۇرى ئۆرلىگەن ماختانچاق نادان.
(سەئدى)

# ئىرادە پەزىلىتى ۋە ئۆگىنىش نەتىجىسى

**ئابدۇرىشىت ئابدىراخمان**

ئادەمنىڭ ھاياتىي چەكلىك ، ياشلىق ھەممىدىن قەدىرلىك . ھالبۇكى مەكتەپ ھاياتىدا كۆپ قىرلىق ئىقتىدار ھاسىل قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئېلىپ تۇرۇغلۇق يەنە نېمىشقا ئالىي مەكتەپ قوچىقىدىن « زەئىپ تەن ، چۈشكەن روھ » ئەۋرىشكىلىرى چىقىدۇ . باللار ئارىسىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىغا پەرۋا قىلمايدىغان ، خەۋپتە ۋە غۇربەتچىلىكتە قالغانلارنى قۇتقۇلدۇرمايدىغان ، جامائەت مۈلكىنى ئوغۇرلايدىغان ، لەۋزىدە تۇرمايدىغان ، باشقىلارنى ئالدايدىغان ، ھەتتا ئەخلاقىي جەھەتتە چىرىكلىشىپ ، ئىچىملىك ، چېكىملىك ، . . . لەرگە بېرىلىپ ، ياشلىقنى قەدىرلىمەيدىغان بۇزۇقچىلىقلار كۆرۈلىدۇ ؟ بۇنىڭدا ، ھازىر كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن « ھازىر ئەخلاق ناچارلىشىپ ، جەمئىيەت كەيپىياتى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ » دېگەن تەرەپ مەلۇم سالماقنى ئىگىلىسىمۇ ، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يالدامىلىرى سالامەتلىك ، بىلىم ، پەزىلەت ، كەسىپ ، ئۆز ئارا مېھرى - شەپقەتكە سەل قاراش ، بولۇپمۇ ئۆتتۇقنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان ئىرادە پەزىلىتى - جاسارەت بىلەن ئۆگىنىش ، ئۆزىنى خەلقنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بېغىشلاش روھىنىڭ كەم بولۇشىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ .

چۈنكى ، بۈگۈنكىدەك ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئىسلاھات شارائىتىدا ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئالدى بىلەن رىقابەتلىك جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ، تىرىشىش نىشانىنى بەلگىلەپ ، روھى جەھەتتە كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ ، باتۇرلۇق بىلەن ئالدىغا چامدىغاندا ، ئىلىم - پەن ئىگىلەش يولىدا جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي ئۆزىنىڭ ۋە خەلقنىڭ كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىگەندىلا ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى يارىتالايدۇ . لېكىن ، ھازىر بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بۇ شەرتنى ئورۇندىماي ، ياشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك جۇشقۇنلۇقنى يوقىتىپ ، ھەتتا كەلگۈسىدىن ئۈمىتسىزلىنىپ ، مەنىۋى جەھەتتە ئىرادىسىزلىك قىلىش بىلەن جان ساقلاشنىڭ كويىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ . ئوقۇش جەريانىنى پۇختا ئىگىلىمەي ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندە « تەرەققىيات ئىستىقبالى ياخشى ئورۇن ؛ ئىش ھەققى ۋە كىرىمى ياخشى ئورۇن »لارغا ئورۇنلۇشۇپ ئېلىشىنىڭ غېمىدە يۈرىۋاتىدۇ . ئاللاقاچان ئوقۇش پۈتتۈرگەن كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ياخشى ئىشلەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، ئاز ساندىكىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا خاتىرجەم ئىشلىمەي ، خىزمەت ئالماشتۇرۇش يولىدا قاتراپ يۈرۈيدۇ . ھازىرقى جەمئىيەتتە بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلار تۈرلۈك ئوبيېكتىپ ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن خىزمەتكە ئورۇنلىشالماي يۈرگەن شارائىتتا ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئېرىشكەندىن كېيىن خاتىرجەم ئىشلەپ كېتەلمەسلىكى ، ئايرىم ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، مەكتەپتىكى ئۆگىنىش ئىرادىسىدە كۆرۈلگەن بوشاڭلىقنىڭ داۋامى بولۇپ ، بۇ ئەھۋال ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ قويىندا پىسخىكا جەھەتتە تولۇق تەربىيىلىنىپ ، ئەمەلىي خىزمەتلەرگە يارامىلىق ئىرا-

دە پەزىلىتى ـ ئورناتمىسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدە كۆرۈلىۋاتقان بۇنداق ئىرادىسىزلىكنى ئېلىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا داشۆسىنىڭ ئۆسمۈرلەر سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئىرادىلىك ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى ھەمدە بۇنداق يۇقىرى نەتىجىنىڭ ئۇلاردىكى ئۆگىنىش ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلىكى، بولۇپمۇ ئەمەلىي خىزمەتلەرنى نىشان قىلىپ ئۆگىنىش ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئالالايمىز.

ھازىر، پەن ـ تېخنىكا داشۆسى ئۆسمۈرلەر سىنىپىدىن 6 قارار ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بولۇپ، بۇلار 190 نەپەر. بۇلارنىڭ ئىچىدە 143 ئوقۇغۇچى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ماگىستىر، دوكتورلۇققا ئوقۇيدىغان ئاسپىرانت (چەت ئەللەردە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇغانلار تەخمىنەن 100 نەپەر) بولۇپ ئوقۇدى. بۇلار ئۆسمۈرلەر سىنىپىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 75.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مۇددەتتىن بىر ـ ئىككى يىل بۇرۇن ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلەر 67 نەپەر بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 44.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ 1981 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە جۇڭگو، ئامېرىكا بىرلىكتە قوبۇل قىلغان ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇغان ئاسپىرانت (CVSPEA) 45 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي نەتىجىسى بىرىنچىلىكتىن بەشىنچىلىككىچە بولغانلار 7 نەپەر. 80 ـ يىللىق ئۆسمۈرلەر سىنىپىدىكى 28 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندى. پەن ـ تېخنىكا داشۆسى 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ «گومورو ئوقۇش مۇكاپاتى» تەسىس قىلدى. بۇ پەن ـ تېخنىكا داشۆسى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي شان ـ شەرىپى. ئۆسمۈرلەر سىنىپىدىن 11 نەپەر ئوقۇغۇچى «گومورو ئوقۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. بۇ مەكتەپ بويىچە مۇشۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن ئۆسمۈر سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى پۈتۈن مەكتەپ ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 5 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ.

تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۆسمۈرلەر سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرى خىزمەتنى كۆرۈنەرلىك ياخشى ئىشلىگەن، ھەمدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىشكە باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ غايەت زور خىزمەت ئىشلەش يوشۇرۇن كۈچىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايەن قىلغان.

كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولغان نىڭبو پەن ـ تېخنىكا داشۆسى ئۆسمۈرلەر سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەرمەي، مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولغان، ئاسپىرانتلار سىنىپىغا ماتېماتىكا دەرسى بەرگەن. ئۇنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى ياخشى بولغاچقا 19 يېشىدىلا لېكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ مەملىكەت بويىچە داشۆلەردە ئىشلەۋاتقان ئەڭ ياش لېكتورلارنىڭ بىرى.

ئۆسمۈرلەر سىنىپىنىڭ يېشى ئەڭ كىچىك ئوقۇغۇچىسى شې يەنيو 1982 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندى. شۇ چاغدا ئۇ 15 ياشتا ئىدى. ئۇ مەملىكىتىمىز بويىچە يېشى ئەڭ كىچىك ئاسپىرانت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىمتىھانىغا قاتناشقان كەسپى ـ تارتىش كۈچى فىزىكىسى ۋە ئاسمان جىسىملىرى فىزىكىسى كەسپى ئىدى. شې يەنيو ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەرگەندە تېخى بوينىدا قىزىل گالستۇك ئېسىقلىق ئىدى.

1987 - يىلى شۋىتسىيىدىكى بىر قانچە گېزىت «يېشى ئەڭ كىچىك دوكتور» دېگەن تېمىدا جۇڭگودىن بارغان 23 ياشلىق دوكتور شې ۋۇ توغرىسىدا خەۋەر ئېلان قىلدى، شې ۋۇ پەن - تېخنىكا داشۆسى ئۇسمۇرلەر سىنىپىنىڭ 78 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى. ئۇ 1987 - يىلى 10 - ئايدا شىۋىتسىيە لىسسابون داشۆسىنىڭ سانائەت پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇقىغا ئېرىشكەن. بۇ خەۋەر بىر مەھەل ستوكھولمنى زىل - زىلىگە سالغان. شې ۋۇ يەنە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، نورۋېگىيە، ئاۋسترىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئاچقان خەلقئارا ئىلمىي يىغىنلارغا قاتناشقان. ھازىر شۋىتسىيىدە 2 - دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتىدۇ، ھەمدە قوشۇمچە ئاسپىرانتلارغا دەرس ئۆتىدۇ. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا يەنە تەتقىقات خىزمەتلىرىگە قاتنىشىدۇ.

«ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەن ۋەتىنىمگە، پەن - تېخنىكا داشۆسىگە قايتىمەن.» بۇ، ئۇسمۇرلەر سىنىپى 78 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى چېن سۇگاڭنىڭ سۆزى. 1983 - يىلى 8 - ئايدا ئۇ ئامېرىكىغا بېرىپ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇدى. 4 يىل ئوقۇپلا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، ئۇ نۆۋەتتە ئامېرىكىدا ئالىي دوكتورلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

كىشىلەر تەرىپىدىن «پەن - تېخنىكا داشۆسى ئۇسمۇرلەر سىنىپىنىڭ تالانتلىق ئوقۇغۇچىسى» دەپ ئاتالغان جوۋكېي 79 - يىللىق ئۇسمۇرلەر سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ پەن - تېخنىكا داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ۋۇخەن ئۈسۈملۈك تەتقىقات ئورنىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ خىزمەتنى كۆرۈنەرلىك ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن 24 يېشىدىلا دەرىجە ئاتلاپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشتى.

دېمەك، بۇ بالىلار پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پەنگە بېغىشلاپلا قالماي، ئاجايىپ مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئۆگىنىپ ئەشۇنداق تالانت دەرۋازىلىرىنى ئاچقان. تالانتشۇناسلىقنىڭ ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئادەملەرنىڭ ئەقلىي زىيادە بولغانلىرى بىلەن ئەقلىي كەم بولىدىغانلىرى مۇتلەق ئاز بولۇپ، ئەقلى نورماللىرى مۇتلەق كۆپ بولىدۇ. ئەقلىي نورمال ئادەملەر پەقەت ئىلمىي تەرتىپ بويىچە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن تىرىشسىكەن، ئۇلار جەزمەن تالانتلىق بولۇپ كېتەلەيدۇ. چۈنكى «تالانت دېگەن ئاللاقانداق سىرلىق مەنىلىك، سۇنئىي بىلەر مەنىلىك بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ تۇغما ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسىدىكى تۈرلۈك ئەقلىي قابىلەتلىرىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەقىل قۇرۇلمىسىغا مۇكەممەل دەرىجىدە بىرىكىشى بولۇپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانت يېتىشتۈرۈش، ئۇلۇغ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىش ھورۇنلارنىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيدۇ. تالانت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈستىكارلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپمۇ قويمايدۇ. تالانت ئەمگەك جۇغلانمىسى، جاپالىق ئەمەلىي تىرىشچانلىقنىڭ جۇغلانمىسى»① بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىمۇ ئەقلىي نورمال ئادەملەر بولۇپ، ئەگەر ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدىكى ۋاقىتلىق راھەتپەرەسلىك ئاساسىدىكى ئۈستىكارلىقلارنى چۆرۈپ تاشلاپ تەر ئاققۇزۇشقا ئىرادە قىلسا، ھەمدە ئاغزاكى ۋەدىلەردىن ئەمەلىي ئىزدىنىشكە ئۆتسە، ئەلۋەتتە پەن - تېخنىكا داشۆسىنىڭ ئۇسمۇرلەر سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش ئۆگىنىش نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەمەلىي خىزمەتلەردىمۇ يۇقىرىدىكىلەردەك تىكىرقاپ قالمايدۇ.

① ئىسلامجان شېرىپنىڭ «ئەقىل ۋە پەزىلەت» دېگەن كىتابىدىن

# ئاتالغۇلارنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

چېن جىڭلى

I

ئاتالغۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل قاراشقا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

a) ئاتالغۇلار سۆز ـ سۆزلەملەر، سۆز بىرىكمىلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، ئىلىم ـ پەن، سەنئەت، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ھەر قايسى مەخسۇس ساھەلەردىكى شەيئىلەر، ھادىسىلەر، خۇسۇسىيەت مۇناسىۋەتلىرى ۋە جەريانلىرىنى توغرا بەلگىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛

b) پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ئىلمىي ھادىسە ۋە ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ھەر قايسى پەنلەرنىڭ مەخسۇس ئاتالغۇلىرى، ئىلمىي ئۇقۇم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ؛

c) ئاتالغۇلار مەلۇم بىر مەخسۇس ساھەنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇقۇملىرىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر مەنىلىك سۆزلەردۇر. بۇ يەردىكى ئۈچ تۈرلۈك تەبىرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا بولسىمۇ، لېكىن ئاتالغۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەرگەن. ئاتالغۇلارنىڭ خاراكتېرىنى توغرا تونۇش كىشىلەرنىڭ ئاتالغۇلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى بولغانلىقىدىن، بۇ تەبىرلەرنى مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، a تەبىر ئاتالغۇلارنىڭ خاراكتېر مەزمۇنى ۋە ئۇقۇم دائىرىسىنى ئېچىپ بېرىشتە، b تەبىر ئاتالغۇلارنىڭ خاراكتېر مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، c تەبىر ئاتالغۇلارنىڭ خاراكتېر مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىشتە تازا قايىل قىلارلىق ئەمەس. شۇڭا بۇ ماقالىمىزدا بىز نوپۇزلۇق ئادەملەر ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئاساسىدا ئاتالغۇلارنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە يەنە بىر قۇر تەھلىل يۈرگۈزمەكچىمىز:

II

بىزنىڭچە، نېمىنىڭ ئاتالغۇ ياكى ئەمەسلىكىگە تەبىر بەرگەندە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ «سۆز» ياكى «ئىبارە» لەر ئىكەنلىكىگە، ئاندىن شۇ «سۆز ـ سۆزلەملەر» ياكى «ئىبارە» لەرنىڭ مەلۇم پەن، مەلۇم تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىلمىي ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن ـ ئىپادىلىمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك، بۇ ئىككىسى ئاتالغۇلارنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى بولۇپ، بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ. مۇكەممەل بىر ئاتالغۇنى ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بەلگىلەيدۇ. بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىك ئاساسلىقى ئاتالغۇلارنىڭ بىر مەنىلىكلىكى، ئىلمىيلىكى، كەسپلىكى، سىستېمىلىقى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

### 1. بىر مەنىلىكلىكى

بىر مەنىلىكلىكى ئاتالغۇلار بىلەن ئۇ بىلدۈرگەن ئىلمىي ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئۇيغۇنلاشقان مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان ئىلمىي ئۇقۇملىرى ھەم بىر ـ بىرىگە باغلانغان، ھەم بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنگەن بىر گۇرۇپپا ئۇقۇملار بولماستىن، بەلكى ئەينىلىكىنى، پۈتۈنلۈكنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «بۇلۇڭلۇق تېزلىك» بىلەن «ئاشۇرۇلغان تېزلىك» نى ئالساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى فىزىكا كەسپىي ئاتالغۇلىرى بولۇپ، بۇنىڭدا بىرلا سۆز پەرقى ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىلىرىنىڭ كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. «بۇلۇڭلۇق تېزلىك» «ئايلىنىۋاتقان قاتتىق جىسىم بۇلۇڭ ئورنىنىڭ يۆتكىلىشى ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان فىزىكىلىق مىقدارنى تەسۋىرلەش» نى كۆرسەتسە،

«ئاشۇرۇلغان تېزلىك» ھەرىكەتچان نۇقتا تېزلىك-
نىڭ تېز - ئاستىلىقى ۋە يۆنىلىشى ۋاقىتقا ئەگە-
شىپ ئۆزگىرىدىغان فىزىكىلىق مىقدارنى تەسۋىر-
لەش» نى كۆرسىتىدۇ، دېمەك، ئۇ بىر ۋېكتورلۇق
مىقدار بولىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «بۇلۇڭلۇق
تېزلىك» بىلەن «ئاشۇرۇلغان تېزلىك» نىڭ ھەر
قايسىلىرى ئۆزگىچە بولىدۇ، ئۇلارنى بىر بىرىگە
ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. تەكشۈرۈشتىن قا-
رىغاندا، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاتالغۇ بىر مەنە-
لىك بولىدىكەن، بىر مەنىلىكلىك ئاتالغۇلارنىڭ
ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. كۆپ مەنە-
لىكلىك بولسا بىر بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان بىر
گۇرۇپپا ئوبيېكتىپ نىشاننىڭ مەنا جەھەتتىكى ئىن-
كاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاتالغۇلار كۆپ
مەنىلىكلىك بولسا كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر ئوبيېكتىپ
نىشاننى توغرا چۈشىنىشىگە زور دەرىجىدە تەسىر
يېتىدۇ، ئومۇمخەلققە ئورتاق بولغان لۇغەت تەر-
كىبىدىكى بەزى كۆپ مەنىلىك سۆز - ئىبارىلەرنى
كىشىلەر مەلۇم ساھەسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاتالغۇ-
سى قىلىپ ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ كۆپ مەنىسىدىن
پايدىلانماي، پەقەت بىرلا مەنىسىدىن پايدىلىنى-
دۇ. مەسىلەن: خەنزۇچىدىكى «穿插» نى ئال-
ساق، ئۇنىڭ «گىرەلەشمەك، كىرىپ ئۆتمەك،
قىستۇرماق» ... دېگەندەك لۇغەت مەنىلىرى
بار. رومان - تىياتىرلاردا ئاساسىي تېمىنى گەۋ-
دىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدى-
غان ۋەقەلىكلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، «قىستۇر-
ماق» دېگەن مەنىنى ئىشلىتىدۇ. «穿插» نى
ھەربىي ئاتالغۇسى قىلىپ ئىشلەتكەندە، ئۇ
«دۈشمەن مۇداپىئەسى ئورۇنلاشتۇرغان تار بوش-
لۇق ياكى ئاجىز تەرەپتىن دۈشمەن مۇداپىئەسىنىڭ
ئىچكىرىسى ياكى ئارقا سېپىدىن كىرىپ ئۆتىدى-
غان جەڭ ھەرىكىتى» دە «كىرىپ ئۆتمەك» دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە مەسىلەن، «渗透»
سۆزىنىڭ ئومۇمخەلق تىلىدا «سۇيۇق جىسىمنىڭ
قاتتىق جىسىمنىڭ مىكرو تۆشۈكچىلىرىدىن ئۆتۈ-
شى»، «ئىككى خىل گاز ياكى بىر بىرى بىلەن بى-
رىكىپ كېتەلەيدىغان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپ تۆشۈك-
لۈك نېپىز يوپۇق» دىن ئۆتۈپ، ئارىلىشىپ كېتى-
شى»، «بىر خىل شەيئىنىڭ ياكى كۈچنىڭ بارا -
بارا باشقا تەرەپلەرگە (كۆپ ھاللاردا ئابستى-
راكت شەيئىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ) كىرىپ كېتىشى»
دېگەندەك ئۈچ مەنا تۈرى بار. «渗透» «穿
插» گە ئوخشاش كۆپ مەنىلىك سۆز ھېسابلىنى-
دۇ. لېكىن «渗透» ھەربىي ئاتالغۇ ئورنىدا
ئىشلىتىلگەندە ئۇ قابىل شۆبە ئەترەتنىڭ دۈشمەن-
نىڭ جەڭ ئورۇنلاشتۇرۇش بوشلۇقىدىن ياكى پاي-
دىلىق يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ مەخپىي ھالدا
دۈشمەننىڭ ئىچكىرى جايلىرىدىن ۋە ئارقا سېپى-
دىن كىرىپ ئۆتۈپ جەڭ قىلىش ھەرىكىتى دېگەن-
دىن ئىبارەت بىرلا مەنىنى ئىپادە قىلىدۇ.

بىر مەنىلىكلىك ئاتالغۇنىڭ مەلۇم ئالاھىدە
كەسىپ، پەن دائىرىسىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ،
ئالاھىدە كەسىپ - پەنلەردىلا ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە
ھەممىشە مەلۇم كەسىپ - پەنگە بېقىنىپ كېلىدۇ.
ئالاھىدە كەسىپ - پەندىن ئايرىلغان ھالدا ئا-
تالغۇنىڭ بىر مەنىلىكلىكى ئۈستىدە قاراقويۇقلا
گەپ قىلغاندا، بىر مەنىلىكلىكنى بۇرملاپ چۈشە-
نىش كېلىپ چىقىدۇ. بەزى چاغلاردا بەزى ئوخ-
شاش بولمىغان ياكى شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان
كەسىپ - پەنلەر ئوخشاش بىر خىل فونېتىك شەك-
لى قوللىنىلىپ، شۇ كەسىپ - پەنلەرنىڭ ئالاھىدە
ئىلمىي ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «ھەرى-
كەت» دېگەن بۇ فونېتىك شەكىل فىزىكا ئىلمىدە
«جىسىملار ئورنىنىڭ يۆتكىلىشى» نى، پەلسەپىدە
«ماددا مەۋجۇدىيىتىنىڭ شەكلى» نى، سىياسىي
ئىلمىدە «تەشكىللىك بولغان سىياسىي مەزمۇننى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاممىۋى ھەرىكەت» نى كۆرسى-
تىدۇ. ئابستراكت جەھەتتىن قارىغاندا «ھەرى-
كەت» كۆپ مەنىلىكتەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمما «ھەرى-
كەت» نىڭ ھەر قايسى مەنىلىرى مەلۇم بىر ئالاھى-
دە كەسىپ - پەنگە كونكرېتلاشتۇرۇلغاندا، ئۇ

يەنە بىر مەنىلىكلىككە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. شۇ-
نىڭغا ئوخشاشلا «分子» ئاتالغۇسى ماتېماتى-
كىدا «سۈپەت» نى بىلدۈرسە، فىزىكىدا ماددىلار
ئىچىدىكى ئەسلى ماددىنىڭ بارلىق خىمىيىلىك خۇ-
سۇسىيىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان، مۇستەقىل مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئەڭ كىچىك زەررىچىنى
بىلدۈرىدۇ.

بەزى ئاتالغۇلار ھەققىدە كىشىلەر تونۇشىنىڭ
ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن تۈرلۈك كۆز قاراشلار
پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «词» سۆ-
زىنى ئالساق، ۋاڭ لى ئەپەندى «词» نى
«تىلنىڭ ئەڭ كىچىك مەنا بىرلىكى» دېسە، لۇشۇ-
شاڭ ئەپەندى «词» نى «تىلنىڭ مۇستەقىل قول-
لىنىلىدىغان، ئەڭ كىچىك مەنا بىرلىكى» دەپ قا-
رىغان. فۇسۇيىچىڭ ئەپەندى «词» نى «تىلدا
مەنا ئىپادىلەيدىغان، ئايرىم ئىشلىتىشكىمۇ بول-
ىدىغان ياكى جۈملە تۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ
كىچىك بىرلىك بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ مۇقىم فونې-
تىك شەكلى بولىدۇ» دەپ قارىغان. لېكىن بىز بۇ-
نىڭ بىلەنلا «تىلشۇناسلىقتىكى «词» دېگەن ئا-
تالغۇ كۆپ مەنىلىككە ئىگە» دەپلا ھۆكۈم قىل-
ماسلىقىمىز لازىم. ماھىيەتتىن قارىغاندا، بۇ دەل
كىشىلەرنىڭ «词» ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئىلمىي چۈ-
شەنچىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى جەريانىدا پەيدا
بولغان ۋاقىتلىق ئىختىلاپ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ «
词» غا ماس كەلگەن ئۇقۇمغا بولغان تونۇشى
تېخى ئىلمىي پەللىگە يەتمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى-
دۇر. شۇنداق ئىپتىقا بولىدۇكى، كىشىلەرنىڭ
«词» غا بولغان تونۇشى پەيدىنپەي ئىلمىيلىككە
ئۆتكەندىن كېيىن، «词» نىڭ مەنىسىمۇ تەبىئىي
ھالدا بىرلىككە كېلىدۇ.

ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى ئىلمىي ئۇقۇملارنىڭ
گەۋدىلىنىشى بولىدۇ. ئىلمىي ئۇقۇملارنىڭ تەرەق-
قىياتى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىگە مەلۇم دەرىجىدە
تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇنداق تەسىر ئادەتتە
ئاتالغۇلارنى بىر مەنىلىكتىن كۆپ مەنىلىككە
ئايلاندۇرۇۋېتەلمەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا،
ئاتالغۇلارنىڭ بىر مەنىلىكلىكى نىسپىي مۇقىملىققا
ئىگە بولىدۇ. ئىلمىي ئۇقۇملارنىڭ ئۆزگىرىشىنى
ئومۇمەن ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى كو-
نا ئۇقۇملارنىڭ ئورنىنى يېڭى ئۇقۇملار ئالىدۇ.
تەدرىجىي ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. كونا ئاتالغۇلار-
نىڭ ئورنىغا يېڭى ئىجاد قىلىنغان ئاتالغۇلار دەس-
سەيدۇ؛ يەنە بىرى، كونا ئۇقۇملار ئەسلى شەكلى-
نى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇنى يې-
ڭىلانغان ۋە چوڭقۇرلاشقان بولىدۇ. ئىلمىي ئۇ-
قۇملارنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاتالغۇلارنىڭ مەنى-
سىمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:
«كۆيۈچان ماددا» دېگەن ئۇقۇم 1703 - يىلى
گېرمانىيىلىك خىمىك ستار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا
قويۇلغاندىن كېيىن، شۇ ئاساستىكى «كۆيۈچان
ماددا تەلىماتى» ياۋروپىدىكى ئىلىم - پەن ساھە-
سىدە يۈز يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەنىدى. شۇ
چاغدا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى
«كۆيۈچان ماددا» بارلىق ئوت ئالىدىغان جى-
سىملارنىڭ تۈپ ئامىلى، «كۆيۈچان ماددا» بول-
مىغانلىرى ئوت ئالالمايدۇ. جىسىم ئوت ئالغاندا،
ئۇنىڭ ئىچىدىكى «كۆيۈچان ماددا» ئاتموسفېرا
ياكى چاڭ - توزان بىرىكىپ مېتال ھاسىل قىلىدۇ،
دەپ ئىشىنىپ كەلگەنىدى. تاكى 1783 - يىلغا
كەلگەندە فرانسىيىلىك ئالىم لاۋوسېر بەزى جى-
سىملارنىڭ كۆيۈش تەجرىبىسىنى قايتا ئىشلەش
ئاساسىدا ئۆزى بىلەن زاماندىش بولغان پرىستې-
رى قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئوكسىگېننى بايقىغانلىق
مۇۋەپپەقىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، «ئوكسىدلىنىش»
دېگەن بۇ ئۇقۇمنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆ-
يۈش ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتى كۆيگۈچى ئېلېمېنتنىڭ
ئوكسىگېن بىلەن بىرىككەنلىكىنىڭ جەريانلىرىنى
چۈشەندۈرگەن، باشقا ئالىملارمۇ لاۋوسېرنىڭ
تەجرىبىسىنى قايتا ئىشلىگەن ۋە ئىسپاتلىغان. بۇ-
نىڭ بىلەن «كۆيۈچان ماددا» دېگەن ئۇقۇم كىشى-
لەر تەرىپىدىن ئاستا - ئاستا چۆرۈپ تاشلانغان.

www.uyghurkitap.com



يەننىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە كونا ئۇقۇملارنىڭ ئورنىنى يېڭى ئۇقۇملار ئالدى، يېڭى ئاتالغۇ «ئوكسىدلىنىش»، «كۆيۈچان ماددا» ئۇقۇمىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. لېكىن مەيلى كونا ئاتالغۇلار بىلەن يېڭى ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ساقلانغىنى بىر - بىرىگە ئۇيغۇن كېلىشتەك بىر مەنىلىك مۇناسىۋەت بولدى. ئىلمىي ئۇقۇملارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە راۋاجلىنىشى يېڭى ئاتالغۇنى ئىككى خىل ئىلمىي ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالمىدى. باشقىلىرى، مەسىلەن، «ئىسسىقلىق ئېلېمىنتى»، «ئېفىر» قاتارلىقلارمۇ «كۆيۈچان ماددا» دېگەندەك جەريانىنى باشتىن كۆچۈردى.

مەنىسى نەچچە قېتىم ئۆزگەرگەن «سۇ» بولسا ئىككىنچى خىل ئەھۋالنىڭ ۋەكىلىدۇر. خىمىيەدىكى «سۇ» ئەسلىدە رەڭسىز، پۇراقسىز، تەمسىز سۈيۈق ماددا، ئىچىشكە بولىدىغان «سۈيۈقلۇق» نى كۆرسەتتىمۇ، ئەمما پەننىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ «سۇ» غا بولغان تونۇشىنى يەنى ئۇنىڭ ئىككى ھىدروگېن ئاتومى بىلەن بىر ئوكسىگېن ئاتومىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ھاسىل قىلىدىغانلىقى، ئەڭ ئاددىي ھىدروگېنلىك - ئوكسىگېنلىك بىرىلمىلەر، رەڭسىز، پۇراقسىز، تەمسىز سۈيۈقلۇقلار ئۆلچەملىك ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا توت گرادۇسقا يەتكەندە، قويۇقلۇق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولۇپ، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 1 بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. «سۇ» غا بولغان كىيىنكى بىر خىل تونۇش ئالدىنقى بىر خىل تونۇشقا نىسبەتەن مەزمۇنى تېخىمۇ مول، چۈشەندۈرۈشى تېخىمۇ ئىلمىي بولدى. ھالبۇكى، مول مەزمۇنغا، ئىلمىي چۈشەندۈرۈشكە ئىگە بولغان «سۇ» بىلەن ئۆزى كۆرسىتىدىغان دەللىلىك مۇناسىۋەتنى ئۆزگەرتەلمىدى. «سۇ» يەنىلا بىر مەنىلىك سۆز بولۇۋەردى. يەنە مەسىلەن، «نۇر» ئۇقۇمى ئىلىم - پەن تارىخىدا مىكرو زەررىچىلەر تەلىماتى، بېسىم تەلىماتى، دولقۇن تەلىماتى، ئاخىر بېرىپ دولقۇن - زەررىچە تەلىماتى دەپ نەچچە قېتىم ئۆزگەردى.

### 2. كەسپىلىكى

ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى كونكرېت ۋە نىسپىي ھالدا مۇئەييەن كەسپىي پەنگە تەۋە بولۇپ، كەسپلىككە ئىگە بولىدۇ. لېكىن ھەر قايسى مەخسۇس پەن ئاتالغۇلىرى ئىگە بولغان كەسپلىك دەرىجىسىدە بىر قەدەر زور پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. بەزى ئاتالغۇلارنىڭ كەسپلىك جەھەتتىكى تۈسى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارا - بارا ئاجىزلاپ كەتكەن ھەتتا يوقالغان بولىدۇ. ئەگەر ئالاھىدە چوڭقۇر تەتقىق قىلمىسا، كىشىلەرنىڭ «تېزلىك»، «تېپىك»، «ئوبراز»، «ھەرىكەت»، «كۈچ»، «پاراللېل»، «سۈبلىماتسىيىلىنىش» قاتارلىق بىرلىكلەرنىڭ قانداق كەسپىي خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشى تەسكە توختايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، ھەر قايسى مەخسۇس پەنلەرنى ئىگىلىگەن مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاتالغۇلارنىڭ كەسپىي خاراكتېرى يەنىلا ناھايىتى ئېنىق، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئۆز دائىرىسىدە قوللىنىلىدۇ ھەم ئۇنى شۇ خىل كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر چۈشىنىدۇ ۋە قوللىنىدۇ. مەسىلەن، ماتېماتىكىدىكى «تەكشىلىك ئېنتېگرالى»، «پروگرېسسىيە»، «سانلار دائىرىسى»، «خاس قىممەت»، فىزىكىدىكى «جۈپ كۈچ، نورمال يۆنىلىشلىك كۈچ، بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارى، مەۋھۇم ئورۇننىڭ يۆتكىلىشى، فازا تەڭپۇڭلۇقى»، قانۇنشۇناسلىقتىكى «قوشۇمچە جازا، يىغىندا جازا، سوررۇك، ئانا قانۇن»، بىئولوگىيىدىكى «ئېپىدائىي يادرولۇقلار، گامېتا، ئوخشاش روللۇق ئەزالار، بۆلەكلەپ چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلى»، فوتو سۈرەتچىلىك تېخنىكىسىدىكى «يورۇقلۇق فوكۇسى، مەنزىرە چوڭقۇرلۇقى، زىچلىق ۋاقتى، ئەكس پەرق كۆرسەتكۈچى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم كەسپىي دائىرىدە ئىشلىتىش بىلەن روشەن چەكلىنىپ تۇرىدۇ. (داۋامى بار)

# كلاسسىك مۇزىكا «12 مۇقام» ۋە

## مۇقام مائارىپى

گۈلجەمىلە قادىر

1. ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى ئۇزۇن تارىخىي ئاساسقا ئىگە.

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى تالۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كىلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر خەلقى ئەسىرلەر مابەينىدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزلىرىگە خاس مۇزىكا سەنئىتىنى بەرپا قىلىپ، شەرق مىللەتلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر ناخشىچىلىقى، ئۇيغۇر ئۇسۇلچىلىقى، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدىن ئىبارەت كۆپ خىل سەنئەت شەكلى، تۈرلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بىر پۈتۈن مەدەنىيەت - سەنئەت سىستېمىسىنى ھاسىل قىلدى.

بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن «كۆسەن - كۇچا نەغمىلىرى»، «سۇلى - قەشقەر نەغمىلىرى»، «ئۇدۇن - خوتەن نەغمىلىرى»، «ئىۋىرغول - قۇمۇل نەغمىلىرى»، «قۇچۇ - تۇرپان نەغمىلىرى»، «بەشبالىق - جىمسار نەغمىلىرى» قاتارلىق قەدىمكى نەغمىلەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدە يۇرۇشلەشكەن مۇزىكا رىتىملىرىنىڭ بەرپا بولغانلىقىنى كۆرسەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارغا چوڭقۇر تەسىر ۋە ئىزقالدۇردى.

ئالايلۇق: خەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرى 206 - يىلى) «ئۇدۇن نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا كۆپلەپ كىرگەن ھەمدە ئوردىلاردا چېلىنغان. ۋېي جىڭ جەنۇپ - شىمال سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا «كۆسەن نەغمىلىرى»، «قارا قوجۇ نەغمىلىرى»، «كاڭگۇ - سەمەرقەنت نەغمىلىرى»، «ئەنگۇ - بۇخارا نەغمىلىرى» قاتارلىق نەغمىلەر شۇ جايلارنىڭ ئاتاقلىق نەغمىلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا كۆپلەپ -كىرىپ، ھەممە ئادەم ياخشى كۆرۈپ ئاڭلايدىغان، ئۆگىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

بولۇپمۇ سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى (مىلادى 581 - 618 - يىللار) «يەتتە قىسىملىق مۇزىكىلار»، «توققۇز قىسىملىق مۇزىكىلار» ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى (مىلادى 618 - 908 - يىللار) «ئون قىسىملىق مۇزىكىلار» ئىچىدە غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋە داڭ چىقارغان. تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىپ شۈەنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى 143 دىن ئارتۇق خوشنا دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىپ، «كۆسەننىڭ ساز - مۇزىكا ئۇسۇلى باشقا ئەللەرنىڭكى-

دىن يۇقىرى ئىكەن» دەپ ئالاھىدە ماختىغان.

دېمەك، سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى زور دەرىجىدە گۈللەنگەن. يېڭى مۇزىكا دۇردانىلىرى بىلەن مەشھۇر مۇزىكا شۇناسلار مەيدانغا كەلگەن. شۈبھىسىزكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ داۋامى ۋە تارىخىي راۋاجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كلاسسىك «12 مۇقام» چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا خەزىنىسى ھەم قەدىمدىن بېرى ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان كۆپ قاتلاملىق ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ جەۋھىرى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، ئىجتىمائىيلىقى، ئاممىباپلىقى ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، جەلپدارلىقى بىلەن تارىخ سەھىپىسىدىن ئالاھىدە ئورۇن ئالدى.

«12 مۇقام» نىڭ مۇزىكىلىق تارىخىي ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان «ئىدىقۇت نەغمىلىرى»، «ئۇۋىرغۇل نەغمىلىرى»، «سۇلى نەغمىلىرى»، «كۆسەن نەغمىلىرى»، «ئودۇن نەغمىلىرى»، «بەشبالىق نەغمىلىرى» قاتارلىقلار «12 مۇقام» نى مۇزىكىلىق تارىخىي مەنبە بىلەن تەمىنلىدى.

«12 مۇقام»نىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى كامالەتكە يەتكەن كۆركەم سەنئەت شەكلىگە ئىگە. ئۇ ئەلنەغمىلەر، داستانلىق نەغمىلەر ۋە مەشرەپ - سەنئەت مۇزىكىلىرى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن. مەنىلىك، رېتىملىق ئۇسسۇللار بىلەن ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ تولۇقلانغان ۋە مۇكەممەللەشكەن. «12 مۇقام» بۆلەكلىرى رەت تەرتىپلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلۇنۇپ كېلىشى، يۈرۈشلۈك نەغمىلىرىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى، مۇرەككەپ - ئۆزگىرىشچانلىقى، ئاھاڭدارلىقى قويۇق مىللىي پۇراققا ۋە ئۆزگىچە رەڭدارلىققا، رېتىمچانلىققا ئىگە. ئۇ، مىلودىيىلىك شەكىل تۈزۈلۈشلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن كۈيشۇناسلىق ئىلمىدىمۇ خەلقئارالىق تونۇشى ئالغان تىپىك خاسلىققا ئىگە كاتتا مۇزىكىلىق داستاندۇر.

ئۇ، كۆپ خىل سەنئەت شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئوبرازلىق ۋە ئىنتوناتسىيىلىك قۇرۇلۇشىمۇ ئالاھىدە تۇراقلىققا ئىگە.

«12 مۇقام»نى ئىجرا قىلىشتا تارىختىن بېرى قوللانغان ۋە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى، چېلىش ئۇسۇلىنىڭ نەپىسلىكى، ئۆزگىچە ئۇسلۇپتا ئېيتىلىشى ۋە ئۇسسۇللۇق ئورۇنلاشتەك يۇقىرى ماھارەتلىك سەنئەت شەكلى، يۈكسەك بەدىئىي قىممىتى كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇ يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىنى مەھلىيا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيادىكى مەدەنىيەت - سەنئەتنى بىر قەدەر يۇقىرى ھېسابلىغان ئەللەرنى، شۇنداقلا تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان ھەر قانداق بىر مىللەتنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، چوڭقۇر ئېستېتىكىلىق بەدىئىي زوققا ئىگە قىلىدۇ.

ئۇنىڭدا كۆرەش بىلەن تۇرمۇش، قايناق ھېسسىيات بىلەن لىرىكا، ماھارەت بىلەن خەلق تىلى قاتارلىقلار ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. بىز مەمنۇنىيەت بىلەن «21 مۇقام» نى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك ھايات ۋە كۆرەش تارىخىنىڭ شاھىدى دەپ تىلغا ئالىمىز.

تارىختىن بېرى «12 مۇقام» شەرق مۇزىكىلىرىنىڭ گۈلتاجىسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا ۋە ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ قايىنار بۇلىقى بولۇپ كەلمەكتە.

تارىخنى ئەسلىگىنىمىزدە ، سۇلتان ئاب-
دىرىشتخان دەۋرىدە ( 16 - ئەسىرىدە )
يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى ، مەلىكە ئامان-
نىساخان ( نەفسىيە ) يېتەكچىلىكىدە « 12
مۇقام » كەڭ كۆلەمدە رەتلىنىپ ، ئۇيغۇر مۇ-
زىكىچىلىقى ئاجايىپ گۈللىنىش باسقۇچىغا
كىرگەن ھەمدە دەۋىر بۆلگۈچ مۇۋەپپەقىيەت-
لەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى .

## 2 . « 12 مۇقام » تارىخى - مۇقام مائارىپى تارىخىدىن ئىبارەت

ھەممىمىزگە مەلۇمكى ، سەنئەت بىر خىل
ئىدىئولوگىيىلىك مەدەنىيەتتىن ئىبارەت . شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە سەنئەت بىر خىل ئوبرازلىق
شەكىلدىكى مائارىپتىن ئىبارەت .

سەنئەت ، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتى
ئۆزىنىڭ ملودىيىلىك قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭغا
ماسلاشتۇرۇلغان ناخشا تېكستى ، ئۇس-
سۇللۇق ھەرىكەتلىرى ۋە باشقا سەنئەت ئا-
مىللىرى ئارقىلىق كىشىگە تەربىيە بېرىدىغان
تەلىم - تەربىيە ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ . ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى 12
مۇقام بەرپا قىلىنغاندىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر
خەلقى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ، ئىنسان-
پەرۋەرلىك ، مەرىپەتپەرۋەرلىك تەربىيىسى ،
شۇنىڭدەك ئەخلاقىي تەربىيە بېرىدىغان قو-
رال بولغان . بىز ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئە-
سىرلەردىن - ئەسىرلەرگىچە داۋاملىشىپ كې-
لىش تارىخىنى ئۇنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا
ئۆتۈش تارىخى ، يەنى مائارىپ تارىخى
دەپ قارايمىز . يازما مەنبەلەردە ۷ - ئە-
سىردىلا كۆسەندە ۋىروساكا ناملىق نەغمە
ئۇستازى بولغانلىقى ، سۇجۇپنىڭ ئاتا بو-
ۋىسى كۆسەندە مۇقام ئۇستازى ، مۇزىكا
پىرى بولغانلىقى ، سۇجۇپ چاڭئەنگە بار-
غاندا كۇيشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە ئوقۇ-
تۇش بويىچە زور يېڭىلىق پەيدا قىلغانلىقى
خاتىرلەنگەن .

سۇي ، تاڭ دەۋرلىرىدە پادىشاھدىن
تارتىپ ئادەدىي پۇخرالارغىچە غەربىي دىيار
مۇزىكىلىرىغا ئومۇميۈزلۈك ئىشتىياق باغلى-
غانلىقى ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ تارىختىكى
تەڭداشسىز مائارىپ ئىقتىدارىنى كۆرسىتى-
دۇ .

سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئور-
دا يېنىدىكى « مۇزىكا مۇئەسسەسى » ،
« مۇزىكا ئوقۇتۇش يۇرتى » قاتارلىق مەخ-
سۇس ئورۇنلارنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى ،
شۇ چاغدا ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىمائارىپ مەز-
مۇنلىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .
ئېيتىلىشىچە ، لى مۇ ئاتلىق ۋاڭ داپ چېلىش-
نى ئۆگىنىپ تەرلەپ كەتكەن . شېلياڭ ، چاڭ-
ئەن ، لوياڭ لاردا كېچىلەپ كۆسەن مۇزىكى-
سىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى قوزغالغان . بۇ
ھەقدە ئەينى دەۋردىكى شائىرلار نۇرغۇن
شېئىرلارنى يازغان :

تاڭ سەھەر ئاڭلاپ خورازنىڭ چىللى-
غان ئاۋازىنى ،

سەھرى لوياڭدا جىمى ئۆي مەشق قى-
لۇر خۇش سازىنى .

( ۋاڭجيەننىڭ « لياڭخۇغا ساياھەت »
ناملىق شېئىرىدىن )

قايسى ئۆيكىن قاش تېشى نەينىڭ
ساداسى مۇڭلۇغان ،

تولدى لوياڭ شەھرىمۇ زوقۇ ھاۋاغا
شۇ ھامان .

( لى بەينىڭ « باھار كېچىسى لوياڭدا
نەي ئاڭلاش » دېگەن شېئىرىدىن )

ئۇندىن باشقا فاڭگەنمۇ :

يېڭى كۈيىنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق گۈل تېگى-
دە قەدەھ تۇتۇپ ،

ئۆتتۇق يەنە چاۋاك بىلەن ھەر نەغمگە
مەدھىيە ئوقۇپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەپ يازغان.

شۇ چاغدا غەربىي رايونلارنىڭ خەلقى
مەيلى قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمى-
سۇن ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن مەشغۇل
بولاتتى. دېمەك ناخشا مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل
ئومۇم خەلق مەدەنىي ھاياتىدىكى دائىمىي
ھادىسە بولغانلىقىنى كۆرىۋېلىش تەس ئە-
مەس.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مۇقام مائا-
رىپى ئەزەلدىن ئۈچ خىل شەكىلدە ئېلىپ بې-
رىلدى. يەنى 1 - ، ئوردا - قەسىرلەر يې-
نىدىكى مۇزىكا ياكى سەنئەت يۇرتلىرىدا ئې-
لىپ بېرىلدى. 2 - ، مۇقام ئۇستازلىرى شا-
گىرت تەربىيىلەش يولى ئارقىلىق ئېلىپ بې-
رىلدى. 3 - ، كەڭ خەلق سەنئەت مەكتىپى
ھېسابلانغان ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئېلىپ بې-
رىلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوردا - قەسىرلەر
يېنىدا مۇقام مائارىپىنى يولغا قويغانلىقى
ھەققىدە موللا ئىسمەتۇللا بىننى بوللا نىمە-
تۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»
ناملىق كىتابىدا قىممەتلىك مەنبەلەر كۆرسى-
تىلگەن.

«تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دا يۇسۇپ قى-
دىرخان يەركەندى سەئىدىلەر خاندانلىقى-
نىڭ مەشھۇر يىرىك كومپازىتورى ۋە مۇزىكا
نەزىرىيىسى جەھەتتىمۇ زور تۆھپىسى بار مە-
دەنىيەت ئەربابى دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ
شۇ زامان جاھالەت كۈچلىرىنىڭ كۆپ قېتىم
يۇرگۈزگەن مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىگە
قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئۆزى جا-
ھالەتكە قارشى مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە مائا-
رىپ پەرۋەرلىكتۇر. «تەۋارىخى مۇسقى-
يۇن»دا يۇسۇپ قىدىرخانىڭ ئىران، ئى-
راق، خارەزىم، سەمەرقەند، ئىستامبول،
كەشمىر بەلخ، شىراز ۋە ھىندىستان قاتار-
لىق ھەر قايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەل-
گەن مۇقام ۋە مۇزىكا ئۆگەنگۈچى شاگىرتلى-
رىنىڭ بارلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. يەنە شۇنى
قوشۇش ھاجەتكى، ئېپتىخارلىق سەنئەت تا-
رىخىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەرباپ مەلىكە ئامان-
نىساخان ئۇيغۇر ئاياللىرىغا بېغىشلاپ
«ئەخلاقىي جەمىلە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى
يېزىپ قالدۇرۇش بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇر
ئاياللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر كلاسسىك 12
مۇقامنى تارقاتقان مۇبارەك ئۇستاز. ئۇ-
نىڭ جاھالەتلىك مۇھىتتا، ئاياللار سەنئەت-
تىن چەكلەنگەن قاراڭغۇ زاماندا مۇقام ما-
ئارىپى مەسىلىسىنى ئىگىز كۆتۈرۈشى، بىزنىڭ
مەڭگۈ ھۆرمىتىمىزنى قوزغايدىغان قەيسەر-
لىك. تارىختىن بىرى مۇقامشۇناس سازەن-
دىلەر مۇقامپەرەزلىك يولىدا جاپالىق ئەم-
گەك قىلىپ بىر ئۆمۈر ئىزدەندى ۋە مۇقامنى
ئومۇملاشتۇرۇش نىيىتىدە شاگىرت تەربىيە-
لەش بىلەن شۇغۇللاندى. بىز بۈگۈنكى
ياخشى ۋەزىيەتتە، ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيە-
تىنىڭ سەركەردىلىرى، مۇقام پېشىۋالىرىدىن
ئىبارەت خەلق ئوغلانلىرىنى مەمنۇنىيەت بى-
لەن ئەسكە ئالىمىز ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر تە-
شەككۈر بىلدۈرىمىز.

«12 مۇقام» غا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇ-
نى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە شاگىرت يېتىشتۈ-
رۈش يولىدا بىر ئۆمۈر ئەمگەك قىلغان مۇقام
ئۇستازلىرىدىن XVIII - ئەسىردە قەش-
قەر، خوتەنلەردە ئۆتكەن «بابا رەھىم مەش-
رەپ»، XIX - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
قەشقەردە ئۆتكەن ئاكا - ئىنى ھىلىم - سى-
لىملار، يەركەندە ئۆتكەن سىپتىۋالدى ئا-
خۇن، خوتەندە ئۆتكەن سۇلايمان ئاخۇن
(قالۇن) ۋە داڭلىق مۇقامچى ئايىمخان ھا-
جىم، قەشقەر ۋە يەركەندە مۇقامغا ئەۋلادمۇ
- ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلغان «مۇقامشۇناسلار
ئائىلىسى» دىن ئىبراھىم ئاخۇن (ئىبراھىم
قالۇن)، ھاشىم ئاخۇن (ساتار)، قاۋۇلا-

خۇن ( قالۇن ) ۋە ئاتاقلىق مۇقامچى تەۋەك-
كۇل ئاخۇنلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمز .
XIX - ئەسرنىڭ ئاخىرى XX -
ئەسرنىڭ ئوتتۇرلرىغا كەلگەندە ، داڭلىق
مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىنغان مۇقام ئۇستازلرىنىڭ ئىزىنى
بېسىپ ، 12 مۇقامنى ساقلاپ ۋە ئۇنى بېيى-
تىپ ، ئومۇملاشتۇرۇپ يېڭى دەۋرىمىزگىچە
يەتكۈزۈپ بەردى . شۇڭا ، تۇرداخۇن ئاكا
مۇقام تۆرىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالغۇسى .
XIX - ئەسرنىڭ ئاخىرى مەشھۇر
مۇقام ئۇستازى مەھەممەت موللا ( كارۇشاڭ
ئاخۇنۇم ) ۋە ئاتىسى ( مەھەممەت ئەمەت با-
قى ) قەشقەردە ۋە ئىلىدا « 12 مۇقام »غا
ۋارىسلىق قىلىپ داڭ چىقارغان ئۇستازلار-
نىڭ بىرى . ئۇ ئىلىدا روزى تەمبۇر ، ھۇسە-
يىن تەمبۇر ، ھەسەن تەمبۇر ، جامى ئاكا قا-
تارلىق سازەندىلەرنى يېتىشتۇرۇپ چىققان .
30 - ، 40 - يىللاردا ئىلى دىيارىدا مۇقام
پەرەستلىك ئەنئەنىسى تازا ئەۋجىگە كۆتۈ-
رۈلۈپ ، ئارقا - ئارقىدىن كۆپلىگەن مۇقام-
شۇناس ، ئەلنەغمىچىلەر مەيدانغا كەلدى .
ئۇلاردىن ئاۋلاخان ، مەتمىن ئاخۇن ، زىك-
رى ئەلپەتتا ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ، ئاب-
لىزخان مامۇت ، ھۇسەنجان جامى قاتارلىق
مۇقامچىلار يېتىشىپ چىقتى . ئۇردا قەسرلەر
ئېچىدا ياكى مەخسۇس مۇزىكا سەنئەت
يۇرتلىرىدا مۇقام مائارىپى يولغا قويۇلغان-
دىن تاشقىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىپايان فو-
لكلور غەزىنىسى ھەم ئەدەپ - ئەخلاق مەك-
تىپى بولغان خەلق مەشرەپلىرى مۇقام مۇئا-
رىپى رولىنى ئۆتەپ كەلدى . ئۇيغۇر يېزا
قىشلاقلىرىدا ، ھەر بىر پەسىللەردە ، بولۇپ-
مۇ مول ھوسۇلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان
تەنتەنىلىك مۇقام - مەشرەپ ئولتۇرۇشلىرى-
دا ، ئۆرپ - ئادەت تۈسىنى ئالغان « دەريا
سەيلىسى » ، « ھەزرەت سەيلىسى » ، « ئو-
داخىنىم سەيلىسى » ، « باغ سەيلىسى » ،
« قوغۇن سەيلىسى » قاتارلىق سەيلىلەردە ،
ئۇندىن باشقا توي - توكۈن ۋە « چايخانا
بەزملىرى »دە مۇقام چېلىش ، سەنەمگە ئوي-
ناش ئومۇم خەلق ئەنئەنىسىگە ئايلاندى .
ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت - ئايەم كۈنلەردە ناغ-
را ، سوناي بىلەن مۇقام چېلىپ ، نەچچە
مىڭلىغان ئادەملەر دولقۇنىنىڭ ساماغا
چۈشكەن داغدۇغۇلۇق مەنزىرىنى ئۇچرىتى-
مىز . ئۇيغۇر مۇقاملىرى يالغۇز مۇزىكا مائا-
رىپى رولىنى ئۆتەپلا قالماستىن ، ئەلشىر نا-
ۋائى ، مەشرەپ ، زەلىلى قاتارلىق بۈيۈك
شائىرلارنىڭ تىرەن مەنىلىك شېئىرلىرىنى
تارقىتىشتا ، ئۇيغۇر ئۇسۇلى ئەنئەنىلىرىنى
ئومۇملاشتۇرۇشتا ، تىياتىرچىلىقنى ۋە ئۇي-
غۇر ناخشىچىلىقنى گۈللەندۈرۈشتە كومپلې-
كىس مائارىپ رولىنى ئوينىدى .

### 3 - ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يېڭى باھارى

1949 - يىلى ئازادلىق تېڭى ئاتتى .
پۈتكۈل مېھنەتكەش خەلق ، جۈملىدىن
خورلانغان مۇقام ۋارىسچىلىرى ، ئەلنەغمىچى
- سازەندىلەر خۇشاللىقتا چۆمۈلدى . « 12
مۇقام » باھارغا ئېرىشتى .
1950 - يىللاردىن ئېتىبارەن كلاسسىك
« 12 مۇقام »نى سىمغا ئېلىش ، نوتىغا ئېلىپ
كىتاب نەشر قىلىشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش
خىزمەتلەر ئىشلەندى . بۇ نەتىجىلەرگە ئەگە-
شىپ ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇزىكا مائارىپىغا
كىرىشىگە يېڭى يول ئېچىلدى .
1951 - يىلى غەربىي شىمال سەنئەت
ئىنستىتوتى قارمىقىدا شىنجاڭنى ئاساس
قىلغان مىللىي سەنئەت فاكولتېتى قۇرۇلدى .
مىللىي مۇزىكا ، ناخشا ۋە ئىجادىيەت كەس-
پىنى ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا « 12 مۇ-

قام »نىڭ داستان ، مەرغۇل ، مەشرەپ ، سە-
نەم قاتارلىق ۋارىيانتلىرى ۋە يەرلىك مەش-
رەپ مۇقام ۋارىيانتلىرى بەش سىزىقلىق نوتا
ۋە ئاددىي نوتا يېزىقى بويىچە دەرسلىك
قىلىپ ئۆتۈلۈشكە باشلىدى . نەتىجىدە بارا
- بارا كلاسسىك « 12 مۇقام » نىڭ مۇزىكا
مائارىپىدىكى ئورنى قايتا تىكلەندى . غەر-
بىي شىمال سەنئەت ئىنستىتوتىنىڭ مىللىي
سەنئەت فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار
شىنجاڭنىڭ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە مۇ-
زىكا مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈن-
جى ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ چىقتى . 5195
- يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتوتىنىڭ قارمى-
قىدا سەنئەت فاكولتېتى تەسىس قىلىندى .
1958 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپى قۇ-
رۇلدى .

دېمەك ، تارىختىكى خانلىق مەدرىس-
لەردىكى مۇقام ئۆگىنىش ، چالغۇلار تۈرىنى
ئۆگىنىش ھەمدە خەلق مەشرەپلىرىنى ئۆگى-
نىش ئۇسۇلىغا 1950 - يىللاردىن ئېتىبارەن
يېڭىچە مۇقام مائارىپى شەكلى قوشۇلدى .

« 12 مۇقام » ۋە سەھنە سەنئىتى سەن-
ئەت مائارىپىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى .
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەنئەت فاكولتېت ،
سەنئەت مەكتىپى سەنئەت خادىملىرىنى تەر-
بىيىلەشتە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، يەر-
لىك ئەلنەغمىلەر ، مەشرەپ - مۇقاملارغا
دەرسلىكتىن ئالاھىدە سەھىپە ئاجراتتى .

1987 - يىلغا كەلگەندە ، شىنجاڭ
سەنئەت ئىنستىتوتى قۇرۇلدى . بۇ ئىنستى-
تۇتنىڭ مۇزىكا فاكولتېتىدا مىللىي مۇزىكا
كافېدراسى تەسىس قىلىندى . شىنجاڭ
سەنئەت ئىنستىتوتى قارمىقىدا يەنە تېخنى-
كوم تەسىس قىلىندى . نەتىجىدە خۇشتار
( ئېگىز ئاۋاز ۋە ئوتتۇرا ئاۋازلىق ) ، ئېگىز
ئاۋازلىق غىجەك ، راۋاب ( ئىككى خىل ) ،
نەي قاتارلىق مىللىي جالغۇلار تۈرلىرى بو-
يىچە كۆپ قارار ئوقۇغۇچىلار مۇقام ئانسان-
بىللىرىغا تەربىيىلەپ بېرىلدى . يەنە باشقا
چالغۇلار تۈرلىرىدىن ساتار ، قالون ، چاڭ
( ئىككى خىل ) ، تەمبۇر ، دۇتتار ، داپ ،
سۇناي قاتارلىق چالغۇلار تۈرلىرى بويىچە
دەرسلەر ئۆتۈلدى .

1988 - يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ
سەنئەت ئىنستىتوتىدا ، شۆبە تېخنىكوم ، ئا-
لىي تېخنىكوم ۋە مەخسۇس كەسپلەردىكى
بارلىق مىللىي ئوقۇغۇچىلىرىغا « مىللىي مۇ-
زىكا نەزەرىيە ئاساسلىرى » ۋە « مۇزىكا
ئاڭلاپ ھوزۇرلىنىش » دەرسلىرى ئۆتۈلۈۋا-
تىدۇ . بۇ دەرستە ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرى-
نىڭ تۈرلىرى ، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
سازلىنىش قائىدىلىرى ، چالغۇلارنىڭ ئازاد-
لىقتىن كېيىنكى ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ئۇيغۇر
مۇزىكىچىلىقىدا مىللىي چالغۇلارنىڭ ئورنى
ۋە رولى ، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى تارىخى قا-
تارلىق بىر يۈرۈش قوللانمىلار دەرسلىك قى-
لىنىدۇ . شۇنىڭدەك ، كلاسسىك مۇزىكا ( 12
مۇقام ) نىڭ لېنتىغا ئېلىنغان قىسىملىرى ۋە
يەرلىك مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ لېنتىغا ئې-
لىنغان قىسىملىرى بىردەك ئاڭلىتىلىدۇ . بىر
تەرەپتىن ئاڭلاپ ، بىر تەرەپتىن بۇ ئەنئەن-
ۋى مۇقاملارنىڭ تارىخىي - ئۆتمۈشى ،
تۈرلىرى ، مەنبە - ئېقىملىرى ، ئۇنىڭ مۇزى-
كىلىق قۇرۇلمىسى ، خۇسۇسىيىتى ، مۇرەك-
كەپ رىتىم ۋە ملودىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى
تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇيغۇر
مۇزىكا تارىخىدا بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى
سەرىپ ئەتكەن مۇقام ئۇستازلىرى ، مۇقام-
شۇناس - سازەندىلەرنىڭ ھاياتى ئوقۇغۇ-
چىلارغا تونۇشتۇرۇلىدۇ . يەنە مۇقام پە-
رەستلىك ئەنئەنىسى ، تېكىستلوگىيىلىك ئە-
دىبىيسىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى قاتارلىق مەز-

مۇنلارمۇ سۆزلىندۇ .

كلاسسىك مۇزىكا 12 مۇقام ۋە يەرلىك مەشرەپ - مۇقاملىرى مۇزىكا مائارىپىنى بېيىتتى ۋە يۇكسەكلىككە كۆتەردى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سەنئەت كافېدراسى ، شىنجاڭ پېداگوگىك ئۇنىۋېرسىتېتى مۇزىكا فاكۇلتېتى ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتى ، شىخەنزە ۋە ئاقسۇدىكى سەنئەت مەكتېپى ، قەشقەر ، قۇمۇل ، ئىلى ، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى سىفەن سىنىپلىرىدىمۇ مۇزىكا ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلمەكتە .

1987 - يىلى جۇڭگو سەنئەت بايرىمىنىڭ « شىنجاڭدا كۈز » ناملىق مۇزىكا كۆرىكىگە « چەبىيات مۇقامى » قاتناشتۇرۇلدى . 1988 - يىلى چىڭخەينىڭ مەركىزى شىنىڭدا غەربىي - شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇزىكا كۆرىكىگە « 12 مۇقام »دىن پارچىلار قاتناشتۇرۇلدى .

نۆۋەتتە « 12 مۇقام » تەتقىقاتى خەلقئاراداكىشىنى مەپتۇن قىلارلىق دەرىجىدە ئەۋج ئالماقتا . مەسىلەن ، 1988 - يىلى 10 - ئايدا شياڭگاڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزى بىلەن شياڭگاڭ مەمۇرىيەت ئىدارىسىنىڭ تەشەببۇسى بويىچە شياڭگاڭدا بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى . بۇ يىغىنغا ئامېرىكا ، فرانسىيە ، ئەنگلىيە ، ياپونىيە ، تۈركىيە ، تەيۋەن ، شياڭگاڭ قاتارلىق مەملىكەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى .

1979 - يىلى ئاۋىستىرالىيىدە دۇنيا مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلدى . بۇ يىغىنغا شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى ، ئاتاقلىق مۇزىكا نەزەرىيىچىسى ، كومپوزىتور خې لۈدىڭ قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى . خې لۈدىڭ ئەپەندى :

« بىز 1979 - يىلى ئاۋىستىرالىيىگە بېرىپ دۇنيا مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا قاتناشتۇق . بىز ئۇ يەرگە نېمە ئاپاردۇق ؟ بىز ئۇ يەرگە پەقەت شىنجاڭنىڭ « 12 مۇقامى »نى ئېلىپ باردۇق » دەپ ئالاھىدە شەرھىلەيدۇ .

1987 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھرىدىكى پادىشاھ سارىيىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئەنئەنىۋى مىللىي مۇزىكا كۆرىكىگە « 12 مۇقام »نىڭ ئىككىنچى مۇقامى - « چەبىيات مۇقامى » شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ مۇقامچىلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىپ ، ئالامەت زىلزىلە پەيدا قىلدى . يەنە 1988 - يىلى شياڭگاڭ مەدەنىيەت مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان « ئاسىيا سەنئەت بايرىمى »دا « چەبىيات مۇقامى » سەھنىگە ئېلىپ چىقىلدى . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن چەت ئەللىك مۇزىكا ئەھلىلىرى قىرىق سەككىز پارچە ماقالە ۋە ئوبزور ئېلان قىلدى . بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا ، ياپونىيە ، گېرمانىيە ، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق مەملىكەتلەردە « 12 مۇقام » تەتقىق قىلىنماقتا . ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تەتقىق قىلىنىشىنىڭ ئىستىقبالى ناھايىتى چوڭ .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مىراسى ، ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ مىلودىيىلىك تارىخى ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق مۇزىكىلىق مەكتېپى « 21 مۇقام » ۋە يەرلىك مەشرەپ - مۇقاملىرى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا مەڭگۈ ئىلھام بېغىشلىغۇسى .

www.uyghurkitap.com



مەمنۇنىيەت بىلەن ئىشىنىمىزكى، ئۇنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ گۈزەل مەنزىرە جىلۋىلەنمەكتە

### مۇھەررىر - جەمئىيەت ئەربابى

نىجات يۈسۈپ

مۇھەررىر مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى غەزىنىنى بايقاش، كان بايلىقلىرىنى قېزىش، ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، مال باھاسىنى بېكىتىشنى پىلانلاش ۋە مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇھەررىر جەمئىيەت ئەربابى بولۇپ، ئۇ ھەر ساھەدىكى كىشىلەر، جۈملىدىن مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار بىلەن تونۇشۇشى، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئۇلارنى ماقالە، كىتاب يېزىشقا تەكلىپ قىلىشى، بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

پىشقان مۇھەررىر بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۆت يولنى ئېچىش كېرەك.

بىرىنچى يول، جەمئىيەتكە يۈزلىنىش، يەنى جەمئىيەت تارىخىنى، ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە كەلگۈسىنى مۇھاكىمە قىلىش. تارىخنى بىلمىگەندە رېئاللىقنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. رېئاللىقنى ئېنىق تەھلىل قىلالمىغاندا، كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى يازغۇچى تۇرمۇش بولمىسا ئەسەر يازالمىغانغا ئوخشاش، مۇھەررىرمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا پىششىق بولمىسا، ياخشى ماقالە ئۇيۇشتۇرالمايدۇ، ياخشى ئەسەر، كىتابلارنى تەھرىرلەپ چىقىرالمايدۇ.

ئىككىنچى يول، خەلق ئاممىسىغا يۈزلىنىش، كەڭ كىتابخانلارغا يۈزلىنىش، كىتابخانلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل كىتابلارغا بولغان ئېھتىياجىنى تەتقىق قىلىش. مەسىلەن، بىزنىڭ مۇھىم كىتابخانلىرىمىز بولغان شەھەر، يېزىلاردىكى كەڭ ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى، نېمىگە ئىنتىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىشى، خىسلىتى، ئۇلارنىڭ دەۋر ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇۋاتقان - بولمايۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك. ئۇلار ئاساسىي پەن، ئاساسىي بىلىم بىلەن قوراللىنىشقا مۇھتاج.

بىز كىتاب چىقىرىشتا كەڭ كىتابخانلارنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ئۇنىۋېرسال نەشرىياتلارنىڭ كىتاب چىقىرىش ۋەزىپىسى تېخىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، پەن - تېخنىكا ساھەسى، مائارىپ ساھەسى، ئىلىم - پەن ساھەسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئاممىسى، جۈملىدىن ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە كۆپ ساندىكى شەھەر، يېزا ياشلىرى، ئۆسمۈر باللار قاتارلىق كۆپ قاتلامدىكى كىتابخانلار. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەررىرلەر كىتاب نەشر قىلىش ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ھەر قايسى قاتلامدىكى كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تونۇشۇشى لازىم. ھازىر شەھەر، يېزا ياشلىرىنىڭ ھەر خىل كىتابلارغا بولغان ئېھتىياجى ناھايىتى زور، ئۇلار ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، ئۇلار بىلىم بىلەن قوراللىنىشقا تولىمۇ مۇھتاج، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىپ، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى كىتابلارنى چىقىرىش بىزنىڭ جىددىي ۋەزىپىمىز.

بىز كۈندىلىك تەھرىرلىك خىزمىتى داۋامىدا، دائىم مۇنداق ئەھۋالغا ئۇچراپ تۇرىمىز: بەزىدە بىز ھەۋەس قىلغان، قىزىـ

قىپ باركاللا ئېيتقان ، بولىدىكەن ، دەپ مۇقىملاشتۇرۇپ نەشر قىلغان كىتابلار كىتابخانىلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ ، ھەتتا ئۇنى سورۇشتە قىلىدىغانلارمۇ كۆپ بولمايدۇ ؛ بەزى كىتابلارغا بىز مۇھەررىرلەر ئانچە كۆچ سەرپ قىلمايمىز ، بىراق نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى زور تەسىر قوزغايدۇ ، تېزدىنلا سېتىلىپ بولىدۇ . بۇ ، بىزنىڭ كەڭ كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ يەنىلا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ، ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە كىتاب چىقىرىشتا نىشانلىق ئوق ئاتالمىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . مەسىلەن ، «چامباشچىلىقتىن ساۋات» دېگەن كىتابنى نەشر قىلماقچى بولغان بولساقمۇ ، بۇ كىتابقا تىراژ توپلىماق قىيىن ، ئالىدىغان ئادەم چىقمايدۇ دەپ ئويلاپ ، تەرجىمان بىلەن 2000 تىراژنى ئۆزى ھەل قىلىشقا توختام قىلىشقانىدۇق . لېكىن كىتاب چىقىش ئالدىدا كىتابخانىلاردىن 2000 دىن ئارتۇق تىراژ كېلىپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن 2000 كىتابنى كىتابخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، تەرجىماننىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتۇق . يېقىندا بۇ كىتاب تەلەپ بويىچە يەنە 4000 دانە قايتا بېسىلدى .

ئۈچىنچى يول ، كىتابخانىلارغا يۈزلىنىش . ھەر قانچە ئۇستا ئاياللمۇ ئۇنسىز تاماق ئېتەلمەيدۇ . ئاپتور تەھرىرلەش ، نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسى . ئاپتورنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ساپاسىنى ، يېزىقچىلىق سەۋىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەتقىق قىلىپ ، بىرلىكتە باش قاتۇرۇپ ، يېڭى ئەھۋاللارنى بايقاش ، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك . مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ياخشى كىتابلارنى چىقارغىلى بولىدۇ . دېمەك ، مۇھەررىرلەر ساقلىنىش قىممىتى بار ، پۇت تېرەپ تۇرالايدىغان ، ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ياخشى كىتابلارنى تاللاپ تەھرىرلەپ نەشر قىلىشى لازىم .

تۆتىنچى يول ، ئىلىم - پەن ساھەسى ، نەشرىياتچىلىق ساھەسىگە يۈزلىنىش . مۇھەررىرلەر ئۆز ئىشىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن ، باشقىلارنىڭ ئىشىنىمۇ تەتقىق قىلىشى ، ھەر دائىم ئەھۋالنى ئىگىلەپ ، كىتابلارنىڭ كەم ياكى تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم .

مۇھەررىرلەر ئادەتتە نامسىز قەھرىمان دەپ ئاتىلىدۇ ، لېكىن ئۇ نام چىقىرىشى كېرەكمۇ - يوق ؟ ئەلۋەتتە نام چىقىرىشى كېرەك . ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ۋە نادىر ئەسەرلەرنى يازغان ئاتاقلىق مۇھەررىرلەر بولۇشى كېرەك . تارىختىن بۇيان مەشھۇر ، ئۆچمەس نام قالدۇرغان ئاتاقلىق مۇھەررىرلەر ئۆتكەن . بەزى ئاتاقلىق يازغۇچىلار ۋە ئالىملارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ ، تەھرىرلىك جەھەتتىمۇ ناھايىتى زور نەتىجىسى بار . مەسىلەن ، لۇشۈن ، ماۋدۇن ، شيايەن قاتارلىقلار . بىراق ئۇلارنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى نامى ئانچە چوڭ ئەمەس ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەھرىرلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن ، شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن .

www.uyghurkitap.com



# ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى تېگىرقاش

ئىقبال تۇرسۇن

ئىنسانىيەت يارالغاندىن بۇيان بولۇپمۇ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرىپ ئۆزى ھەققىدە سوئال قويۇپ ئويلىنىشقا باشلىغان كۈندىن بۇيان ھايات - ئۆلۈم مەسىلىسى ئىنسانىيەت ئەڭ چوڭ كۆڭۈل بۆلگەن، ئويلانغان مەسىلە بولۇپ، ئۇ ھاياتلىق پەلسەپىسىنىڭ تۈپ مەركىزى نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. شۇڭىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق قايغۇ - ئازابلىرى ئەنە شۇ ھايات - ئۆلۈم مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەندى. ئەدەبىيات - سەنئەت بۇنى ئەدەبىي يولدا تەسۋىرلەپ كەلگىنىدەك، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى پەلسەپە - ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر ئىچىدە ئەڭ چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە بولغان قاراش يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قويۇق ئىسلام دىنىي قارىشى سىڭگەن ھايات - ئۆلۈم قارىشى — بۇ دۇنيا ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلاش بىلەن ئۇ ئالەمدىكى «مەڭگۈلۈك بەخت»نى ئىزدەش ئارزۇسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە تېگىرقاشتىن ئىبارەت.

ئىنسان دۇنيادا نېمە مەقسەت ئۈچۈن ياشايدۇ؟ ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆلۈمگە زادى قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ «قۇتادغۇبىلىك» ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئالاھىدە دەۋر ئاساسى - يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان مۇھىت مەدەنىي ئارقا كۆرۈنۈش - ئىسلام ئىدىئولوگىيىسى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاستە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەركىن تەپەككۇرى ۋە پەلسەپىۋى ئىلغار قاراشلىرىنىڭ دەۋر جەھەتتە قىستاڭچىلىقتا قېلىشى ھېسابلىنىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، ئۇنداقتا كىشىلىك ھاياتنىڭ، بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ، ئازاب چېكىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك؟ مانا مۇشۇ سوئاللارغا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» دىكى مىسرالاردىن جاۋاب تېپىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك پەلسەپىۋى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئاساس قىلىپ، تەبىئەت، ئىنسان ۋە جەمئىيەتنىڭ بىردەكلىك تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ: «ئالەمنىڭ تەڭرى (‹بايات›) تەرىپىدىن يارىتىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ئالەمنىڭ مەنبەسىنى ئۈزلۈكسىز زىددىيەت (‹ياغلىق›) ۋە بىرلىك (‹ئۈزلۈك›) ئىچىدە يىغىلىشنىڭ تۇرىدىغان تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت ‹تۆت تادۇ› (تۆت زات) ئىكەنلىكىنى ماھىيەتلىك ۋە تولىمۇ كۆرۈنەرلىك ئوتتۇرىغا قويغان.① » يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەم يۇقىرىقى تۆت زاتنىڭ مۇناسىۋىتى، بىردەكلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ بىرەرسى بولمىسا ھاياتلىق بولمايدۇ. تۇپراق — يەر، ماكان، سۇ - بارلىق جانلىقلارنىڭ، ھاياتلىقنىڭ ئۆسۈشى، تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئاساسى. ئوت - ئىسسىقلىق دېمەكتۇر، بۇنىڭسىز ھاياتلىق بولمايدۇ. ھاۋا - بارلىق جانلىقلارنىڭ نەپەسلىنىشىنىڭ شەرتى ھاۋا بولمىسا بارچە جانلىق تەنجۇقۇپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ ھايات - ئۆلۈمىمۇ مۇشۇ تۆت خىل مىجەزنىڭ تەڭپۇڭ بولۇش - بولالماسلىـ

---

① ش. لۇمەر: ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار 373 - 372 بەتلەر

قىغا باغلىق دەپ قارايدۇ. ئىنسانىيەتنى تەبىئەتـ
نىڭ بىر قىسمى، جانلىق تەبىئەتنىڭ يۇقىرى شەكـ
لى دەپ تونۇيدۇ.

فارابى ئۆز شېئىر ئىجادىيەتلىرىدە مەۋجۇدـ
لۇقنىڭ (ھاياتنىڭ) بىردەكلىكىنى:

شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىدىن ھەم سەۋەبلىك كاـ
ئىنات،

ھەم سەۋەبلىكنىڭ تۈپەيلى ياخشىلىق تاپمىش
نىجات.

دەپ شەرھلەپ ئۆلۈم ئالدىدا ھاياتلىق بىلەن
ئۆلۈمنىڭ ئەسلى تەبىئەت نۇقتىسىدىن مەۋجۇدلۇـ
قىنىڭ ھەرىكەت شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ:

بەخت باشلانسا يەتكەيلەر، زاۋاللىققا
بەختسىزلىك،

تەبىئەت جىنسى بىز، ئۆز جىسمىمىزغا قايتقۇـ
مىز ئەمدى.

دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىدىكى ئالەم بىرلىكى ئۆز تىـ
لى بويىچە «ۋەھدەتى مەۋجۇت» (مەۋجۇدىيەتنىڭ
بىردەكلىكى) دەپ ئاتالغان. فارابىنىڭ بارلىق
پەلسەپىۋى قارىشى تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ
بىر پۈتۈنلۈكى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ ئەھۋال
مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىـ
كى پەسىل - مۇراسىم قوشاقلىرى ۋە مەرسىيەلەرـ
دىمۇ بىلىنىدۇ. ئەمدى «قۇتادغۇبىلىك» دىكى
تۆت پېرسوناژ شۇ خىل تارىخىي ئەمەلىيەت پەيدا
قىلغان ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ سىمۋوللۇق شەخسلىـ
رىدۇر. ئۇلارنىڭ جىسمى ھەم قىلمىشلىرىدا ئەكس
ئەتكەن مەزمۇن ئىنسان ھەم ئۇنىڭ ماددىي - مەـ
نىۋى ئالاھىدىلىكلىرى بۇ دۇنيادىكى رولى، قەدىر
- قىممىتى، بەخت - سائادەت مەسىلىسىدىن ئىباـ
رەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ دۇنياغا كېـ
لىشى، ھايات كەچۈرۈشى، تۈرلۈك كېسەللىكلەرـ
گە گىرىپتار بولۇشى، قېرىش، ئۆلۈش ھادىسىلىـ
رىنى بىر خىل تەبىئىي ھادىسە سۈپىتىدە تۆت

زات، تۆت مىجەز، تۆت پەسىل، ھاياتنىڭ تۆت
دەۋرى (گۈدەكلىك، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق، قېـ
رىلىق) بىلەن شەخسنىڭ تۇرمۇشى ئاساسىدا ئىـ
زاھلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئىدىيـ
سىنى سوپى زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ تەركىيدۇنياـ
لىق، تەسەۋۋۇپچىلىق، چۈشكۈنلۈككە كۆرە، باقى
دۇنيانىڭ پاراغەت ھەم شادلىقىدىن، بۇ دۇنيا ھاـ
ياتىدىكى ياخشى قىلىق، جاپا - مۇشەققەتلىرىنى
ئۈستۈن قويۇشى ئارقىلىق رىئال دۇنيا ئىشلىرىنى
ئۈستۈن قويۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما، ئىسلام دىنىـ
نىڭ چوڭقۇر تەسىرى بۇنى يەنىلا چەكلەپ قويـ
غان. شۇڭا يۈسۈپنىڭ «خەلق ئاساس» ئىدىيـ
سىدىن كېلىپ چىققان غايىۋى دۆلەت ئىدىيىلى
ئىسلام دۇنيا قارىشى، ھايات چۈشەنچىسى بىلەن
ئۆزئارا تارتىشىش، تېپىشىش مۇناسىۋىتىدە بولـ
دى. يەنى، رىئاللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۇنى
ئۆزگەرتىش يولىدا ئازاب چېكىشكە رازى بولۇش
كېرەكمۇ ياكى بۇ قىسقىغىنا پانى دۇنيادا تەگرىگە
ئىبادەت قىلىپ باقى دۇنيادىكى مەڭگۈلۈك شادـ
لىققا ئېرىشىش يولىغا مېڭىش كېرەكمۇ؟ شائىرنىڭ
ئىككى ئالەم توغرىسىدىكى بۇ تېگىرقىشى ئۆگدۈـ
لەش بىلەن زاھىد ئودغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق
يورۇتۇلغان.

داستاندا ۋەزىر ئايتولدىنىڭ كېسەل بولۇپ
قالغانلىقىدىن تا ئۆلۈمگىچە (25 - 27 -
بابلار) كىشىدە قايغۇ - ھەسرەت تۇغدۇرىدىـ
غان، ئەمما قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان ھاياتلىق
قانۇنىيىتى ئىپادىلىنىپ ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تاماـ
لىنىدۇ ② ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ھاـ
يات ھەققىدىكى سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

ئۆلۈمگە ئاسىغ قىلماس ئالتۇن كۈمۈش،
ئۆلۈمۈگ تىرۇماس بىلىگ يا ئوقۇش.
ئۆلۈمۈگ تىدار ئەرسە دۇنيا نەگى،

www.uyghurkitap.com



بۆگۈلەركە بىلگى ئىلىك تۇتمادى ،
ھەكىملەرگە ھىكمەت ئاسىغ قىلمادى .
ئۆلۈگكە ئاسىغ قىلمادى ئەرسە ئوت ئەم ،
ئوتاچى تورۇق لىگاي ئەردى ئولام ،
ئۆلۈم يۈز قىلۇر ئەددى ئەرسە كۆرۈپ .
ئاخىرى ساۋچى بار قالغاي ئېردى كۆرۈپ .

ئايتولدىنىڭ سۆزى ۋە ئۆلۈمى ئارقىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىرى ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ، يەنە بىرى « ئادالەت » نىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتتى . مانا بۇنى « شائىرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تېئولوگىيەسىنىڭ ھايات - ئۆلۈم توغرىسىدىكى تەلىماتىغا قارشى ئېلان قىلغان جەڭنامىسى دەپ ئېتىشقا بولىدۇ . »①

ئۆگدۈلمىش بىلەن ئورغۇرمىشنىڭ مۇنازىرىسىدا شائىرنىڭ ھايات - ئۆلۈم مەسىلىسى ھەققىدىكى قارىشى تولۇق ئىپادىلەنگەن . بۇ ئالدى بىلەن ھەر قايسىسىنىڭ ھاياتقا بولغان كۆز قاراشلىرىدا ئاشكارىلىنىدۇ .

ئىنسان تەبىئىتى مەسىلىسى - شائىرنىڭ بەدىئىي قەھرىمانلىرىنىڭ ھايات - ئۆلۈم قارىشىغا تاقىلىدىغان مۇھىم تەرەپ . يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەدەنىي نۇقتىدىن ئادەمنىڭ - ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىرلىكى ئىكەنلىكىنى ، مۇكەممەل بىر ئادەم بولۇشنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ ئەخلاق ، ئىدىيە ، قەلبىنىڭ پاكلىقى ، تەبىئىتىدىكى ياخشى قىلمىشلار ئىكەنلىكىنى ( 148 - 148 ، 3165 ، 5787 ، 1945 ، 872 ، 877 ، 2194 - 2198 بېيىتلار ) كۆرسىتىش بىلەن بىللە ، بۇ دۇنيادىن قول ئۈزۈش ياكى ياخشىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل كىشىلىك ھاياتنى كۆرسىتىپ بېرىپ ئۆز قەھرىمانلىرىنى تاللاشقا سالىدۇ .

دەرۋەقە ، مۇتەپەككۇر شائىر ئۆزىنىڭ بەزىدە كىشىلىك ھاياتقا قارىتا ئۈمىدسىزلىنىشتەك ھېسسىياتىنىمۇ ئىپادىلىگەن ئۇ ، ئىنسانىيەت ئاجىز ، ھايات قىسقا ، بۇ دۇنيا بىردەملىك ئۆتكۈنچى ، خۇددى چۈشكە ئوخشايدۇ ، دەپ قارايدۇ . ( 1396 - 1397 - بېيىت ) لېكىن شائىر قەلىمى ئاستىدىكى كۈنتۇغدى كۆرسەتكەندەك : « قەلبىدە دۆلەت ۋە مىللەت ۋە بىلەت مەنپەئىتى تۇيغۇسى بولمىغان ئادەم دىنغا قانچىلىك سادىق بولمىسۇن ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئۇ دۇنيادىكى بەختى ئۈچۈن ئىبادەت قىلسا ، جاپالىق تاۋلانسا ، باقى ئالەم ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن سەممىي تۆھپە قوشالايدۇ . لېكىن ھەقىقەتتە بولسا ، بۇ ياخشى قىلمىش ، ئاكتىپ ئىش ھېسابلانماستىن ، بەلكى بىر خىل مەلۇم شەخسىي ھەرىكەتتىن ئىبارەت ، پەقەتلا قەلبىدە خەلق ئاممىسى بولغان ، شەخسىيەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان ئادەمنىڭ قىلمىشلا ياخشى قىلمىش بولالايدۇ .② » شۇنداق بولغانلىقتىن « ئاپتور ۋەزىر ئۆگدۈرلمىش بىلەن زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ئوخشىمىغان كىشىلىك ھايات يولىنى ئىنچكىلەپ لاھىيىلىگەن .⑤ »

ئۆگدۈلمىش « ياخشى قىلمىش » يولىنى تاللىۋالغان ، ئودغۇرمىش بولسا سوپى زاھىدلىق - ئىستىقامەت يولىنى تاللىۋالغان ، ئۇ ئىسلام تېئولوگىيەسىنى ياقلايدىغان سوفىزم يولىنى تۇتقان شۇڭا بۇ دۇنيا ئىشلىرىدىن ئۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتىنى ئۈستۈن قويىدۇ . غايىۋى تۇرمۇش يولى ئۇنىڭ ئىستىقامەت ئارقىلىق ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشى بولۇپ ، باقى ئالەمگە بەكرەك يۈزلەنگەن . ئۆگدۈلمىشنىڭ ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ ھەم رېئال بەخت ، رېئال تۇرمۇش گۈزەللىكىگە ئىنتىلىشىنى تاشلىماسلىقىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى كىشىلى ئىنتىلىشنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇمۇ تېگى تەكتىدىن ئېيتـ

① يۇقىرىدىكى ئەسەر 373 - بەت .
② ⑤« قۇتادغۇبىلىك » نىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ھەققىدە تەتقىقات » خەنزۇچە 123 ، 130 - بەتلەر

قاندا ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ( 7404 ، 5235 بېيت ) ،
ئەمما بۇ قىسقىغىنا چەكلىك دۇنيادا ( 3605 ـ
بېيت ) رىيازەت چېكىشنىڭ ئەھمىيتى بۇ دۇنيادىكى
ھايات قىممىتى بىلەن ئۇ دۇنيادىكى ئەبەدىيلىككە
ئېرىشىش ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا «بۇ دۇيا
پەقەت ئازاب ـ ئوقۇبەت ، پەقەت ئۇ دۇنيادىلا
ھەقىقى بەخت بولىدۇ . » ( 4905 ـ 4907 ، 3086
ـ 3088 ـبېيت ) شۇڭلاشقا ، ئۆگدۈلمىش ئۇنى
ئوردىغا قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىپ مۇنازىرىلىشىـ
دۇ ئودغۇرمىش مۇنازىرىدە قايىل بولماي تاغقا
چىقىپ كېتىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا لاياـ
قىتى يوقلىقىنى ، بۇ ئىشقا كىرىپ قالسا ، خاتالىق
ئۆتكۈزۈپ ئاللاھ ئالدىدا گۇناھكار بولۇشتىن
قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . كۆنتۇغدى 3 ـ قېتىم
ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنى تاغقا ئەۋەتىپ : «ئەگەر كەلـ
مىسە ئالدىغا ئۆزەم بارىمەن» دېگەندىن كېيىنلا
ئۇ ئامالسىز ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ كۆنتۇغدى
ئىلىك بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۈچ تۈرلۈك
شەرت قويىدۇ :

3756 . تىلەرمەن تىرىكلىكنى ئۆلمەيدىغان .
يىگىتلىك تىلەرمەن قېرىمايدىغان .

3757 . ھەمىشە كېسەلسىز مېنى ئەيلەساق ،
باي ئەت ، ئەيلە يوقسۇل بولۇشتىن يىراق .

سەن بۇلارنى بېرىشكە قادىرمۇ ؟ دەپ
سورايدۇ . ۋە يەنە پادىشاھقا مۇنداق دەيـ
دۇ : «ئەي شاھ قارا ، سەندىن ئاۋۋال داـ
داڭ بىر ئەلدە ھۆكۈمدار ئىدى . ئارمىيە ،
ھەشەمەت ئىگىسى بولۇپ ياشىغانىدى ، ئۇـ
نىمۇ ئۆلۈم ئېلىپ كەتتى . داداڭ ساڭا نەـ
سىھەت قىلدى ، داداڭ ۋە ئاناڭنىمۇ ئۆلۈم
قالدۇرمىدى . ۋاقتى كەلسە سېنىمۇ تاشلايـ
دۇ . بۇ سارايلار ماڭا بىر مۇساپىرخانىـ
دۇر . سەندىن ئاۋۋال كەلگەنلەرمۇ بۇ يەرگە
چۈشتى ھەم ئۆتۈپ كەتتى بۇ ساراي ساڭا
نېمە دەيدۇ ؟ ئاڭلا سەن ، ساراي مېنىڭ ،
دېيەلەسەن ؟ نىمىشقا مۇنداق دەيسەن ،
سەندىن كېيىن كېلىدىغانلارمۇ مېنىڭ دەيـ
دۇ . »ئودغۇرمىشنىڭ خاراكتېرى شۇكى ئۇ
ھەر خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ ،
ئاخىرى ھەممىنى تەقدىرگە باغلاپ قويىدۇ .
ئۇ روھىي جەھەتتىن ئېزىلگەن ، مەدەنىي ئاڭ
جەھەتتە مەھكۇم قالغان خەلقىنىڭ فېئودال
جەمئىيەت توسقۇلۇقلىرىغا بولغان نارازىلىق
كەيپىياتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ، ئەمما فېئوـ
داللىق جەمئىيەت شارائىتىدا چىقىش
يولى تاپالمىغان شەخس . ئۇنىڭ
ئۇستىگە سوفىزم دۇنيا قارىشى ھەم
سوفىتلارنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىـ
غان ، ھايات ـ ئۆلۈمگە بولغان قاـ
راشلىرىمۇ شۇنى چىقىش قىلغان . ئۇـ
نىڭ كۈنتۇغدى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ
بولۇپ يەنە تاغقا قايتىپ كېتىشى ، ۋە
ئۇزاققا قالماي تاغدا تەنها ئۆلۈپ
كېتىشى ئۇنىڭ دەلىلى . ئۆگدۈلمىش
بىلەن ئورغۇمىشنىڭ ئوخشىمايدىغان
ھايات يولى جۇملىدىن زاھىد ئودغۇرـ
مىشنىڭ يۇقىرىقىدەك چەكلىملىك ئەمەـ
لىيەتتە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دەۋر
چەكلىملىكى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىـ
دىكى ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى
تېڭىرقاشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى دېيىشـ
كە بولىدۇ

www.uyghurkitap.com



# « قوتادغۇبىلىك »تە بايان قىلىنغان ئۇيغۇر خەلق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىستېمالى

مۇھەممەتجان سادىق

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇر شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدە ( 11 ـئەسىردە ) يېزىلغان مەشھۇر داستانى « قوتادغۇبىلىك » ( بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم ) چوڭ ھەجىملىك ( 11290 مىسرالىق ) داستان بولۇپ ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ بەدىئىي قامۇسى . بۇ داستان قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخ ، پەلسەپە ، قانۇن ، ئەخلاق ، دۇنيا قاراش ، تەلىم ـ تەربىيە ، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئوخشاشلا زور قىممەتكە ئىگە .

مەن بۇ ماقالەمدە « قوتادغۇبىلىك » داستانىدا بايان قىلىنغان قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۈستىدە توختۇلىمەن .

بىر مىللەت تۇرمۇشىنىڭ ھەر بىر تارماقلىرىدا ئۆرپ ـ ئادەت ھادىسىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولىدۇ . ئۆرپ ـ ئادەتلەر مىللىي ، ئىجتىمائىي پسىخىكىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولغان بىر خىل مۇھىم مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ ، ئۇ بىر دەۋردىكى مىللەتنىڭ روھى ۋە تۇرمۇش قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .

ئۆرپ ـ ئادەت مىللىي ـ مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى . بىر مىللەت ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش شەۋەبلىرى سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ، دىنىي ، پسىخىك ، جۇغراپىيۋى ئورۇن ۋە تىل قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . ھەر بىر ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ شەكىللىنىشى بىر تارىخىي جەريان بولۇپ ، بۇ تارىخىي جەريان ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى مۇمكىن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇنداقلا بىر مىللەت مىللىي ھېسسىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە كۈچلۈك رول ئوينايدۇ .

ئالدى بىلەن شۇنى دېيىش كېرەككى ، ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئېنىق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ . چۈنكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئوخشىمىغان رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيىتى ۋە قىممەت ئۆلچىمىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى . بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن پەرقلىنىدۇ . ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان ، كۆپ قاتلاملىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پەرقى بولىدۇ . دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شۇ مىللەت خەلقىگە ماس كېلىدىغان ، باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بولىدۇ . ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى مىللىي ئالاھىدىلىكىدىن باشقا ، يەنە يەرلىك ئالاھىدىلىكى ، كوللېكتىپلىق ئالاھىدىلىكى ، ۋارىسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ .

ئۆرپ ـ ئادەتلەر مىللىي ـ مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولغانلىقتىن ، ئۇ بىر مىللەتنىڭ كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەك ، تۇرار

جاي ، ئشلەپچقرىش ئەمگكى ، ئجتمائي ئالا-
قە ، نكاھ ، توي ، توي - توكۈن ، نەزىر - چە-
راق ، ھېيت - بايرام ۋە مۇراسىم قاتارلق تەرەپ-
لەردىكى قائىدە ، رەسمى - يوسۇنلارنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ. ھازىرغىچە دۇنيادا ئۆرپ - ئادەت-
لەرنى تۈرلەرگە ئايرىشتا ئېنىق ئۆلچەم ۋە ئۇسۇل
بولمىدى ، ھەر خىل ئايرىپ كەلدى ، «قوتادغۇبى-
لىك» تە بايان قىلىنغان ، قارا خانىيلار دەۋرى ۋە
ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئۆرپ - ئادەتلى-
رىنى تۆۋەندىكى 4 تۈرگە بۆلىمىز. قوتادغۇبى-
لىك»تە بايان قىلىنغان ، قارخانىيلار دەۋرى ۋە
ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلى-
رىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن ، شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىپ
كېتىش زۆرۈركى : «قوتادغۇ بىلىك» شېئىر بىلەن
يېزىلغان داستان بولغاچقا ، بۇ ئۆرپ - ئادەتلەر
تولۇق ۋە تەپسىلي بايان قىلىنمىغان ، شۇڭا تۈر-
لەرگە بۆلۈپ بايان قىلغان ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز
قارا خانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۆرپ
- ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى بولماسلىقى تەبئىي.
شۇنداق بولسىمۇ «قوتادغۇ بىلىك» تە بايان قى-
لىنغان ئۆرپ - ئادەتلەردىن شۇ دەۋردىكى ئۇي-
غۇر خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ، ماددىي
تۇرمۇش پائالىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ۋە
ئىستېتىك كۆز قاراشلىرىنى كۆرەلەيمىز.

**بىرىنچى : ماددىي - مەدەنىي تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى .**

ماددىي - مەدەنى تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلى-
رى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ، كىيىم - كېچەك ، يې-
مەك - ئىچمەك ، تۇرار جاي ، يۈرۈش - تۇرۇش
قاتارلىق ماددىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدىكى بار-
لىق ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماد-
دىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ماددىي تۇرمۇش ئىن-
سانلارنىڭ ئاساسلىق ياشاش شەرتى بولغاچقا ،
بۇ جەھەتتىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ، ھەر قانداق بىر
مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مىللەتنىڭ پسخىك
ھالىتىنى ، قىممەت قارشىنى ۋە ئىستېتىك ئېڭىنى
ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىل ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ
ئۆزگىرىشىمۇ ئاستا بولىدۇ.

**( 1 ) ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى**

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن
دېھقانچىلىق ( 911 - بەت ) ، چارۋىچىلىق ( 919 -
بەت ) ، باغۋەنچىلىك ( شائىر باغۋەنلەر ئۇستىدە
ئالاھىدە توختالمىغان بولسىمۇ ، داستاندا يەل -
يېمىش ، ماغۇ - بوستانلار سۆزلەنگەن. ) ، سو-
دىگەرچىلىك ( 915 - بەت )ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك
ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەپسۇس-
كى ، داستاندا ، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار
شۇغۇللانغان بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرى جەر-
يانىدىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ئۇستىدە مەلۇمات
يوق ، پەقەت دېھقان - باغۋەن ، چارۋىچى ، سو-
دىگەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە جەم-
ئىيەتتە تۇتقان ئورنى بايان قىلىنغان. بۇ با-
يانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى روشەن
ئىپادىلەنگەن : دېھقانلارنىڭ قولىمۇ كەڭ ، كۆڭلى-
مۇ كەڭ ، سېخى كېلىدۇ ; ( 4416 - بېيت ) چارۋى-
چىلار ئاق كۆڭۈل ، راستچىل ، ھىلە - مىكىرنى
بىلمەيدىغان بولىدۇ ; ( 4440 — 4445 بېيتلار )
سودىگەرلەر جاپا - مۇشەققەتتىن ، يول ئازابى-
دىن قورقماي جاھان كېزىپ ، تۈمەن خىل مال كەل-
تۈرۈپ ، تۇرمۇشنى باياشاتلاشتۇرىدۇ ۋە گۈزەل-
لەشتۈرىدۇ. پايدا - زىياننى زىغىرلاپ ھېسابلاي-
دۇ ; ( 4425، 4426، 4427، 4284 ، 4433 - بې-
يتلار ) قول ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ئەمگىكى ۋە ماھارىتى
ئارقىلىق تۇرمۇش ۋە دۇنيانى زىننەتلەيدۇ. (
9445 - بېيت ) قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە
دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، سودىگەرچىلىك ۋە
قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئۇي-
غۇرلارنىڭ بۇ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ھازىرقى
ئۇيغۇرلاردىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ.

**( 2 ) تۇرار جاي**

www.uyghurkitap.com



ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرار جايلىرىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە تولۇق شەھەرلەشكەن ( 848 - بېيىتى) ئۇيغۇرلار كەنت - مەھەللەرنى قورۇپ ( 1043 - بېيت) ، ئۆي ، زىننەتلىك ساراي ۋە قەسرلەردە ( 486، 561، 1180، 1418 - بېيتلار) ، بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان ( 4963 ، 5972 - بېيتلار) باغۇ - بوستانلاردا ياشىغان. شەھەرلەردە ( 487 - بېيت) ، قەلئە ( 1736 - بېيت) مۇساپىرخانە - مېھمانخانە ( 489 - بېيت) ، ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن مەسجىتلەر ( 5556 ) بولغان.

يۇقارقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلار مەھەللە - كەنتلەرنى قۇرۇپ شەھەرلەشكەندىن كېيىن ، ئولتۇرىدىغان ئۆيلىرىنىڭ ئىچىنى ۋە تېشىنى ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن بېزىگەن ، ھويلا - ئاراملىرىنى گۈلزار ۋە باغۇ - بوستان قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرار جاي جەھەتتىكى بۇ مىللىي ئادەتلىرى ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن.

### ( 3 ) كىيىم - كېچەك

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ھىندى شايىسىدىن ( 5368 - بېيت) ، يىپەكتىن ۋە يەرلىك شايىلاردىن ( 4773 - بېيت) يېشىل ، كۆك ، سېرىق ، ھال تونلارنى ( 2916 - بېيت) ، رۇم كىمخاپلىرىدىن ( 5368 - بېيت) چاپانلارنى ، قارا قاما جۇۋىلارنى ( 4425 - بېيت) كىيگەن ؛ بەللىرىگە زىننەتلەنگەن بەلۋاغلارنى ( 1477 - بېيت) باغلىغان ؛ ئالتۇن ، كۈمۈش ، گۆھەر ، مىس ( 4383 - بېيت) ئۈنچە ، ياقۇتلاردىن ( 4395 - بېيت) زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئائىلە تۇرمۇش سايمانلىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن ؛ ئۆيلىرىگە كىگىز ( 4442 - بېيت) ۋە گىلەملەرنى سالغان ؛ ئورۇن - كۆرپىلەردە ( 1056 - بېيت) ياتقان ؛ مېھمانلارنىڭ ئاستىغا كۆرپە ( 5464 - بېيت) سالغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك ئادەتلىرى يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇرلىرىدا تولۇق داۋاملاشقان. مېھمانىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىش ئادىتى ھىلىمۇ بار.

### ( 4 ) يېمەك - ئىچمەك

نان ( 1191 - بېيت) قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادەتلەنگەن يېمىكى بولۇپ كەلدى. مەخمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا نان (ئەتمەك) تونۇردا پىشۇرۇلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ( 1 - توم 672 - بەت) ئۇيغۇر خەلقى يەنە قاراخانىلار دەۋرىدە ئاچچىق - چۈچۈك ئاشلارنى ( 4772 - بەت) . ھالۋىنى ( 3617 - بېيتى) ، شېكەر - قەنت ( 772 - 5154 - بېيتلار) ۋە ھەسەلنى ( 2904 - بېيت) قوشقان. قورۇق ، ھۆل يېمىش ( 2889 - بېيت) ۋە قوغۇن يېگەن ( 5110 - بېيت) . چاي ( 4537 - بېيت) گۈل شارابى ، مېۋە شارابى ، جۇلاپ ( 4656 - بېيت) ئىچكەن.

ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كۆچۈرگەن چاغلاردا ئىستېمال قىلغان قىمىز ، سۈت ، ياغ ، قېتىق ۋە قۇرۇت ( 4442 - بېيت) لارنى داۋاملىق يېگەن.

«قوتادغۇبىلىك» تە تۇز ئالاھىدە ئۇلۇغلانغان. ( 1191 - بېيت) ۋە تۆپ ئورۇندا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. تۇزنى ئۇلۇغلاش قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئادەتلەنگەن كۆز قاراش بولۇپ ، ھازىرمۇ بىزدە : «تۇزكۆر» «تۇز دەسسەپ بېرەي» دەپ تۇزنى ئۇلۇغلاش بار.

يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان يېمەك - ئىچمەكلەر ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا داۋاملىق ئىستېمال قىلىنىۋاتقان يېمەك - ئىچمەكلەردىن ئىبارەت.

تاماقلارنى داستىخان ( 2878 - بېيت ) سې-
لىپ يېگەن.

**ئىككىنچى: ئىجتىمائىي ئالاقە ئۆرپ - ئادەتلىرى**

ئىجتىمائىي ئالاقە ئۆرپ - ئادەتلىرى ئىنسا-
نىيەت تارىخىدا ئەڭ بالدۇر شەكىللەنگەن ئۆرپ -
ئادەتلەر ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ
ئېيتقاندا، جەمئىيەت شەكىللىنىش بىلەنلا، ئىجتى-
مائىي ئالاقە ئۆرپ - ئادەتلىرى بارلىققا كەلگەن.
ئىجتىمائىي ئالاقە ئۆرپ - ئادەتلىرى كۆرۈشۈش،
خوشلۇشۇش، تەبرىكلەش. مېھماندارچىلىق، زى-
ياپەت، خەت - ئالاقە، يوقلاش ۋە دوستلۇق قا-
تارلىق ئادەملەر مۇناسىۋىتىدىكى بارلىق ئۆرپ -
ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**( 1 ) كۆرۈشۈش:**

ئادەملەر دائىم بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ
تۇرىدۇ. كۆرۈشىدىغان ئادەملەرنىڭ يېشى، مەر-
تىۋىسى ۋە ئۆز ئارا يېقىنلىق دەرىجىسى ئوخشاش
بولمايدۇ، نەتىجىدە ئوخشىمىغان ئادەملەر بىلەن
كۆرۈشۈشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئوخشاش بول-
مىغان كۆرۈشۈشلەر نەتىجىسىدە ئوخشاش بولمى-
غان ئۆرپ - ئادەتلەر شەكىللەنگەن. دۇنيادا قان-
چىلىك كۆرۈشۈش خىللىرىنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم
ئېيتىپ بېرەلمىسە كېرەك.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ بىر - بىرى بى-
لەن كۆرۈشكەندە سالام قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت
بەرگەن، بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە سالام قى-
لىشنى ئىنسانىي بۇرچ، ئىنسانىي پەزىلەت دەپ
قارىغان، سالام قىلماسلىق ياكى سالامنى ئىلىك
ئالماسلىقنى يامان كۆرگەن.

5055 - بېيت: سالامدۇر كىشىگە ئېسەنلىك
يولى.
سالامله قويۇلۇر ئېسەنلىك ئۇلى.

5056 - بېيت: سالامدۇر كىشىگە ئىمىنلىك -
ئامان،
قىلىنسا سالام، ساق بولۇر ئۇشبۇجان.

قارا خانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە
خاس بىر يۈرۈش كۆرۈشۈش ئۆرپ - ئادەتلىرى
بولغان: قول ئېلىشىپ سالاملاشقان ( 5032 - بې-
يىت )، قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كۆرۈشكەن (
3292 - بېيت )، قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كۆرۈ-
شۇش، ئەلۋەتتە، خېلى ئۇزاق ئايرىلغان ئۇرۇق
- تۇققانلار ۋە قەدىناس يار - مۇرادەرلەر ئارى-
سىدا بولىدۇ. كىچىكلەر چوڭلار بىلەن ياكى ئاد-
دىي ئادەملەر ھۆرمەتلىك مۆتىۋەر ياكى مەرتىۋى-
لىكلەر بىلەن كۆرۈشكەندە قول باغلاپ ( 766 - بې-
يىت ) ھۆرمەت بىلەن تىك تۇرغان. ( 767 - بېيت )
يۇخرالار خان - بەگلەردىن تۆۋەن ئامەلدارلار
ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرگەندە دەرھال يۈكۈنۈپ (
582 - بېيت ) ھەتتا يەر سۆيگەن. ( 598 - بې-
يىت )، ئاتلىق كېلىپ ھۆرمەتلىك بىرەيلەن بىلەن
كۆرۈشمەكچى بولغان ئادەم، ئۇنىڭ ئۆيىگە يې-
قىنلاشقاندا ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى يېتىلەپ،
ھۆرمەت بىلەن پىيادە مېڭىشى ( 3290 - بېيت )،
ئىشكتە تۇرۇپ كىرىشكە ئىجازەت سورىشى، (
5051 - بېيت ) رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن كىرى-
شى كېرەك. ھەر قانداق ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆيى-
گە كىرمەكچى بولسا، ئىشكنى ئەدەپ بىلەن چېكى-
شى ( 3957، 4972 - بېيت ) لازىم.

**( 2 ) خوشلۇشۇش**

كۆرۈشۈش تاماملىنىپ، خوشلاشقاندا يەنە
بىر يۈرۈش خوشلۇشۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى بول-
دۇ. قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خوش-
لۇشۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى خېلى مۇكەممەل بول-
غان. خوشلاشقۇچى خوشلۇشۇپ مېڭىش ئالدى-
دا، خوشلۇشۇش سالىمى ( 5443 - بېيت ) قىلى-
دۇ، يەنى خەيرى خوش، دەيدۇ ۋە قولىنى باغلى-
غان ھالدا (خوشلاشقۇچى ئۇزاتقۇچىدىن يېشى،
مەرتىۋىسى كىچىك بولسا ) كەينىچە مېڭىپ ئۆيدىن
چىقىدۇ. ئۇزاتقۇچىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت
بىلەن ( 5444 - بېيت ) ئۇزىتىدۇ. ھەتتا خوشلاش-
قۇچىنى (يېقىن ياكى يېشى، مەرتىۋىسى چوڭ
بولسا ) ئۇزۇتۇپ تالاغا بىللە چىقىدۇ. ( 5445 -
بېيت ) ئۇرۇق - تۇققان، قەدىناس يار - بۇرا-
دەرلەرنىڭ بىر مەزگىل ئايرىلىدىغان خوشلىشىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولسا، قۇچاقلىشىپ خوشلۇشىدۇ. (5446 - بېيىت)

(3) دوستلۇق

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا دوست - ئاغىنە تۇتۇشقا، ئۆز ئارا دوستلۇشۇپ ئىناق ئۆتۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان.

4186 - بېيىت: ئاداش - دوست. قولداشنى كۆپ توق، قېتىل، تولا بولسا دوست. ساختا قانچە تىل.

ھەقىقىي دوستلار ئېغىر كۈنلەردە بىر - بىرىگە ئۆزىنى پىدا قىلىپ (3411 - بېيىت)، بىر - بىرىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرىدۇ، ياخشى دوستلار بىر - بىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى خەلقى ئالەمگە يايىدۇ (3412 - بېيىت)، بۇنداق دوستلاردىن مىڭى بولسىمۇ، ئازلىق قىلىدۇ (4190 - بېيىت).

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئادەملەر يالغۇز ياشاپ ئۆتۈپ كېتەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس (3428، 3424 - بېيىتلار). لېكىن، پايدا - زىيان ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇقنىڭ ئۇلى بوش بولىدۇ (4203 - بېيىت). دوست تۇتۇشتا (تاللاشتا) ئەلۋەتتە سىناش كېرەك. سىناشنىڭ ئىككى ئۇسۇلى بار: بىرى - پايدا - زىيان مەزگىلدە تۇتماقچى بولغان دوستىڭنىڭ ساڭا بولغان پوزىتسىيىسىگە قاراش (4208 - بېيىت)، يەنە بىرى، ئۇنى ئەتەي تىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆرۈش (4208 - بېيىت)دىن ئىبارەت. ئاماخور بولمىغان، سىناقلاردىن ئۆتكەن دوست بېشىڭغا بالا بولمايدۇ (7421 - بېيىت)، ياخشى - يامان كۈنلەردە ساڭا كۆيۈنىدىغان بولىدۇ (4218 - بېيىت).

(4) مېھمان ۋە مېھماندارچىلىق

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا مېھمان دوست خەلق بولغاچقا، مېھمان ۋە مېھماندارچىلىققا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، بىر قاتار رەسمىي - يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلار يات كىشى كەلسىمۇ، مۇساپىرلار كەلسىمۇ خۇشچىراي كۈتۈۋېلىپ ئالدىغا تائام قويىدۇ (495 - بېيىت.)، ئۆيىدە قوندۇرىدۇ. (1544 - بېيىت) بۇنداق يات كىشىلەرنى، مۇساپىرلارنى كۈتۈپ ئالغان كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، ئابرويى ئەلگە يېيىلىدۇ. (496 - بېيىت.)

مېھماندارچىلىقنىڭ ئۆزىمۇ ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ بىر تۈرى، مېھمان چاقىرىش ۋە مېھمانغا بېرىش ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، «قوتادغۇبىلىك» داستانىدا، قاراخانىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى مېھماندارچىلىق ئۆرپ - ئادەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

مېھماندارچىلىقنىڭ تۈرلىرى كۆپ: تەڭ - تۇش ئەل - ئاغىنىلەر مېھماندارچىلىقى (7457 - بېيىت)، خوشنىلار مېھماندارچىلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇنداقلا ھەر خىل تويلار (4577 - بېيىت)، نەزىرلەر (4577 - بېيىت)، ھەر خىل زىياپەتلەر (4577) مۇ مېھماندارچىلىققا كىرىدۇ. تۇيۇقسىز كەلگەن مېھمانلارمۇ بولىدۇ (4415 - بېيىت).

مېھماندارچىلىققا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ - ئادەتلەر ئاساسەن ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، مېھمان چاقىرىش. يەنە بىرى مېھمانغا بېرىش.

مېھمان چاقىرىش - مېھمان چاقىرىشتا ئالدى بىلەن تەييارلىقنى ئوبدان قىلىش (4644 - بېيىت)؛ يەتكۈدەك، ئوخشىغان، مېزىلىك تائاملارنى تەييارلاش (4648، 4646 - بېيىتلار)، رەنجىشلەرنىڭ كېلىپ چىقماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش مۇھىم (4651 - بېيىت). مېھمانلارنى يېشى، ھۆرمىتى ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ تۆرگە باشلاپ (3959 - بېيىت)، ھۆرمىتىنى قىلىپ ئاستىغا كۆرپە سېلىش (4645 - بېيىت) زۆرۈر. قاچا - قۇمۇچلار پاكىزە بولۇشى (4645 - بېيىت) مېھ-

مانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ ، داستىخان سېلىپ ( 2878 ـ بېيت ) زىياپەتنى باشلىشى كېرەك . كېچىككەنلەرنىڭ نېسىۋىسىنى ئېلىپ قويۇپ ، كەلگەندە ئالدىغا قويۇش ( 4552 ـ بېيت ) زۆرۈر . تاماق بىلەن بىللە ، مېھمانلارنىڭ رايىغا قاراپ فۇقا ( شاراپنىڭ بىر تۈرى ) مىزاپ ، ھەسەل ـ گۈل شارابى ۋە جۇلاپ تارتىق ( 5646 ـ بېيت ) قويۇلىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا كۈچى يەتكەنلەر يىپەك رەختلەردىن يېرتىش قىلىدۇ ( 2664 ـ بېيت ) .

مېھمانغا بېرىش ـ ئۇيغۇرلاردا : « چاقىرمىغان يەرگە بارما ، چاقىرغان يەردىن قالما » دېگەن سۆز بار . لېكىن ، « چاقىرغان يەردىن قالما » دەپ ، ھەممىلا يەرگە بېرىش ياخشى ئەمەس . دوستلارنىڭكىگە ، ئۇرۇق ـ تۇققانلارنىڭكىگە ، خوشنىلارنىڭكىگە ، يېقىنلارنىڭكىگە بېرىش ، سېنىڭ شەرىپىڭگە بېرىلگەن زىياپەت بولسا بېرىش ( 4579 ، 4580 ، 4581 ، 4583 ـ بېيتلار ) لازىم . ئانچە تونۇمايدىغان ، جېدەل چىقىش ئېھتىمالى بولغان ، ھاراق ـ شاراپ كۆپ ئىچىلىدىغان ( 4585 ، 4586 ـ بېيتلار ) ، كۆڭلۈڭ تارتمىغان سورۇنلارغا « بىر تۇيۇم ئاش ۋە ئىچكۈنى دەپ بېرىپ ، ئۆزىنى خار قىلىشنىڭ » ھاجىتى يوق .

مېھماندارچىلىق ئەدەب ـ قائىدىلىرى : مېھماندارچىلىقتا داستىخاندىكى تائاملارنى ئوڭ قولى بىلەن ( 4597 ـ بېيت ) ، ئۈچ بارماق بىلەن ( 3578 ـ بېيت ) ئېلىپ ، ئەدەب بىلەن يېيىشى ( 4594 ـ بېيت ) ؛ چوڭلاردىن كېيىن قول ئۇزۇتىشى ( 4596 ـ بېيت ) ؛ ئۆز ئالدىدا نېمە بولسا شۇنىڭدىن ئېلىپ يېيىشى ، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى نەرسىلەرگە قول ئۇزاتماسلىقى ( 4598 ـ بېيت ) ؛ بەكمۇ چاپقاق بولماسلىقى ، بەكمۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرىۋالماسلىقى ( 4599 ـ بېيت ) ؛ قورسىقى توق بولسىمۇ ، غىزاسىنى زوق بىلەن يەپ ، ئېشى ئارقىلىق ساھىپخانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشى ( 4600 ، 467 ـ بېيتلار ) ؛ ئاش قىزىق بولسا ، قولىغا ئېلىپ پۈۋلىمەسلىكى ( 4601 ـ بېيت ) ؛ داستىخانغا سۈرۈنۈپ ( 4602 ـ بېيت ) تا ئاملارنى ئىچقاپ كەتكەندەك يېمەسلىكى لازىم . ( 4613 ـ بېيت ) .

ئومۇمەن مېھماننى ئۇلۇغلاش ، مېھمانلارنى ئوبدان تەييارلىق بىلەن رازى قىلىپ كۆڭلىدىكىدەك ئۇزۇتۇش ، مېھمانغا بارغاندىكى ئەمەل قىلىدىغان ئەدەب قائىدىلەر قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا داۋاملىشىپ كەلدى . « قۇتادغۇبىلىك » تە بايان قىلىنغان ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مېھماندارچىلىق ئەدەب ـ قائىدىلىرى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا شۇ پېتى ئۆمۈر سۈرمەكتە .

ساقى ـ زىياپەتلەردە ئىچىملىك بولىدىكەن ، تەبىئىي قەدەھ تۇتقۇچى ( ساقى ) بولىدۇ . ساقى ياخشى بولسا ، مەي ئوبدان ئىچىلىدۇ . شۇڭلاشقا ساقى چىرايلىق ، ياش ، ساقالسىز بولۇشى ( 3915 ، 3913 ـ بېيتلار ) ، شۇنىڭ بىلەن بىللە خۇش پېل ، خۇشچاقچاق ( 2921 ـ بېيت ) بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ .

2923 ـ بېيت : يۈزى كۆركەم ئۇلسە ، خۇلقى ئۇلسا ئۇز ، نەتۇتسا ئىچەر ئەرزەۋق بىلەن ھۇنۇز .

## ( 5 ) خوشنىدارچىلىق

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ خوشنىلىرىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن .

4548 ـ بېيت : ئۇيي ئالماق تىلەسەك ، خوشنىغا قارا ،

سۇ ئالماق تىلەبسەك ، سۇينى ئارا .

بۇ بېيت بىزنىڭ يۇقارقى كۆز قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ، تۆۋەندىكى 3 خىل خوشنىلىقتىن ساقلىنىش كېرەك :

4545 ـ بېيت : ئۇيۇڭنى يېقىن سالما چوڭ يولغا سەن ، ئۇنىڭدىن ھەزەر قىل ، زەرەر كۆرە-

سەن.

4546 - بېيت: تاشر دەريا يا بەگنىڭ بولما خۇشنىسى.

يېقىن تۇرما ھېسارغا ئەقىل ئىگىسى.

خوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش، بېرىش - كېلىش قىلىش (4581 - بەت) ئىنتايىن مۇھىم.

(6) خەت ئالاقە

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇققان، يار - بۇرادەرلىرى بىلەن سالام خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ كەلگەن، شۇڭلاشقا سالام خەتنى «يېرىم دىدار» دېگەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە سالام خەت يېزىش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ بىر تۈرى بولغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە سالام خەتنىڭ ھەر خىل تۈر ۋە شەكىللىرى بولغان بولۇشى تەبىئىي، لېكىن، «قوتادغۇبىلىك» تە يارۇ - دوستلار ئارىسىدا يېزىلغان سالام خەت ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى 3 قىسمدىن تەركىب تاپقان: باش قىسمى، خۇداغا ھەمدۇ - سانا ئېيتىش؛ (3189 - بېيتى 3196 - بېيتقىچە) 2 - قىسمى، سالام خەت ئەۋەتىلىدىغان ئادەمنىڭ سالامەتلىكىنى سوراپ (3198 - بېيت)، ئۇنىڭغا ئىسەنىنىڭ تىلەش (1973 - بېيت)، ئۇنىڭ سۆيەتلىرىنى تەرىپلەپ مەدھىيلەش (3199 - بېيتىدىن 3201 - بېيتقىچە)؛ 3 - قىسمى، ئاساسىي مۇددىئانى بايان قىلىش. بۇ شۇ دەۋردىكى بىلىملىك زاتلار ئارىسىدا يېزىلىدىغان سالام خەت ئۈلگىسى بولۇشى ئېھتىمال.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىن تېپىلىدۇ. مەيلى كۆرۈشۈش، مەيلى خوشلىشىش، مەيلى دوستلۇق، مەيلى مېھمان ۋە مېھماندارچىلىق، مەيلى ساقى ۋە مەيلى خوشنىدارچىلىق جەھەتلەردە بولسۇن، قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ئادەتلىرى بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى تامامەن ئوخشايدۇ.

**ئۈچىنچى: ئائىلە ئۆرپ - ئادەتلىرى**

«بىر جۈپ ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشى تەبىئىي شەرت - شارائىتنى ئاساس قىلمىغان، بەلكى ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتنى ئاساس قىلغان. خۇسۇسىلىقنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي سېپىلى بولغان ئومۇملۇق ئۈستىدىن قىلغان غەلبىسىنى ئاساس قىلغان تۇنجى ئائىلە شەكلىدۇر.» ئائىلە - خۇسۇسىلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرى، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن. ئائىلە ئۆرپ - ئادەتلىرى ئائىلە بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئائىلە ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بارلىق ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان ئەخلاقى پەزىلىتىنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى قىلغان شەرق مىللەتلىرىنىڭ ئائىلە ئۆرپ - ئادەتلىرى غەربتىكى مىللەتلەرنىڭكىدىن كۆپ مۇرەككەپ بولىدۇ.

(1) ئەر - ئايال مۇناسىۋىتى

«قوتادغۇبىلىك» داستانى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، «قوتادغۇبىلىك» تە بايان قىلىنغان ئەر - ئاياللار مۇناسىۋىتى ئىسلام دىنى كۆز قاراشلىرى بويىچە يېزىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەر - ئاياللار مۇناسىۋىتىدىكى بايانلار پۈتۈنلەي دېگىدەك ئىسلام شەرئىتى كۆز قارىشى بىلەن. يۇقىرى تەبىقە مەيدانىدا تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقتىن ئاددىي خەلقنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئادەتلىرى سۆزلەنمىگەن. ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنقى خوتۇنلارنى ئېرىز كۆرۈش، نىمە دېسە ئورۇنداپ بېرىش (4520 - بېيت) ئادەتلىرى تۈگەپ كەتمىگەن

بولسىمۇ، ئاياللارنى نامەھرەم دەپ قاراش، ھەممە گۇناھلارنىڭ مەنبەئى دەپ قاراش (5214 ـ بېيتتىن 4525 ـ بېيتقىچە) يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. ئەر ئۆز خوتۇنىنى ئۆيىدىن سىرتقا چىقارمىغان (4520 ـ بېيت)، يات ئەرلەرگە كۆرسەتمىگەن، يات ئەرلەرنى خوتۇنى بار ئۆيگە يولاتمىغان، خوتۇنىنى قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتقان. (4513، 4514، 4520 ـ بېيتلار).
«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 270 ـ بېتىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاياللار يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ، بېشىغا پۈركەنجە ئارتقان.

**(2) پەرزەنتلەر تەربىيىسى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى**

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ پەرزەنتلەر تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتىدە بىر يۈرۈش قائىدە، يوسۇنلار شەكىللەنگەن. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپخاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ ئاتمىش ئۈچىنچى بابى «پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش بابىدا» دېگەن بابىدا، ئۆتكەنكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ھەققىدىكى كۆز قاراش ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: پەرزەنتلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ بىرىنچى تەرپىيىچىسى باشقىسى ئەمەس، دەل ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزىدۇر. (4604 ـ بېيت) ئىنىڭ ئانا ياخشى تاللىنىشى كېرەك. (4505 ـ بېيت) پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان تەربىيىنىڭ مەزمۇنى: ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش ۋە ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىش بولۇشى لازىم. (6450 ـ بېيت) ئوغۇلنى ئۆيلەش. قىزنى ياتلىق قىلىش ئاتا ـ ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى. (4508 ـ بېيت) پەرزەنتلەر تەربىيىسىدە ئىككى مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بىرى، ئوغۇلنى ئەركە، لاغايلاپ يۈرىدىغان، بوش، بىكارچى قىلىپ تەربىيىلىمەسلىك ۋە ئوغۇلنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىغا يول قويماسلىق؛ (4509 ـ بېيت) يەنە بىرى، قىزنى بويىغا يەتكەن زامان ئەرگە بېرىش ئىنتايىن مۇھىم (4510 ـ بېيت).

ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتى: بىرى سۆندۈرۈش ۋە بىرى سۆيۈش مۇناسىۋىتى بولۇپ، پەرزەنتلەر چوقۇم ئاتا ـ ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى، ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. ئاتا ـ ئانا دۇئاسىنى ئالغان پەرزەنتلەر خۇشاللىقتا، بەخت ـ سائادەتكە چۆمۈلىدۇ، ھەقىقىي ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. (1802، 1803 ـ بېيتلار).

**(3) مىجەزنى تەڭشەش**

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا مىجەزىگە ياققانى يېيىش، مىجەزگە ياقمىغاننى يېمەسلىك (4621 ـ بەت)، مىجەزنى تەڭشەپ تۇرۇشنى بىلىش سالامەت بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى، دەپ قاراپ كەلگەن. قىرىق ياشقا كەلگەندىمۇ مىجەزنى ۋە مىجەزنى تەڭشەپ تۇرۇشنى بىلمىسە، ئۇنداق ئادەمنى سۆزلىيەلەيدىغان ھايۋان (4637 ـ بېيت) دەپ قارىغان. يۇقىرىقىدەك قاراش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلاردا مىجەز ۋە مىجەز تەڭشەشكە دائىر بىر قاتار قائىدىلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئادەمنىڭ تەبىئىتى سوغۇق (ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق) ۋە ئىسسىق (ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق ئىسسىق) بولىدۇ. (4620 ـ بېيت) ئادەملەرنىڭ مىجەزى ياش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك: ياشلىق دەۋرىدە سوغۇقلۇقنى كۆپ ئىشلىتىپ، قانىنى سوۋۇتۇش پايدىلىق، (4623 ـ بېيت) ياش قىرىقتىن ئاشقاندا، ئىسسىق نەرسىلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ، مىجەزنى تەڭشەش پايدىلىق، (4626 ـ بېيت) ياش ئاتمىشتىن ئاشقاندا، ئاساسەن ئىسسىقلىق بىلەن

www.uyghurkitap.com



مىجەزىنى تەڭشەپ، سوغۇق نەرسىلەرنى كەم ئىستېمال قىلىش پايدىلىق بولىدۇ. (4625 - بېيت) ئومۇمەن سوغۇق (ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق) ۋە ئىسسىق (ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق ئىسسىق) مىجەزلىك كىشىلەر مىجەزنى تەڭشەپ تۇرۇشى مۇھىم. بۇنىڭ ئۇسۇلى: قۇرۇق سوغۇق ئاش، ھۆل ئىسسىق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش (4626 - بېيت)، ھۆل سوغۇق ئاش، ھۆل ئىسسىق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش (4627 - بېيت)، سوغۇق مىجەزلىك كىشىلەر ئىسسىقلىقنى، ئىسسىق مىجەزلىك كىشىلەر سوغۇقلۇقنى ئىستېمال قىلىپ شۇ ئارقىلىق مىجەزنى تەڭشەپ تۇرۇش زۆرۈر. (4628 - بېيت) بەزىلەرنىڭ مىجەزى مۆتىدىل بولىدۇ، بۇنداق ئادەملەر ئىسسىق - سوغۇقنى تەڭشەپ ئىشلەتسە بولىدۇ. (6294 - بېيت) ئۇيغۇرلار بىجەزنى يەنە سىرت، ئاق، قارا، قىزىل دەپ بولۇپ، (4632 - بېيت) مىجەزلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان زىدلىقىنى كۆرسەتكەن، (4633 - بېيت) بۇنداق بىر - بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان زىد مىجەزلەر بىر - بىرىگە يىغا بولىدۇ، شۇڭا مىجەزنى تەڭشەپ تۇرۇش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس، بۇنىڭغا ئەقىل ئىشلىتىش كېرەك. (4634 - بېيت)

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتە مىجەزنى تەڭشەپ تۇرۇش بىلەن بىللە، تاماقنى بەكمۇ قويۇپ يېمەسلىك، ئاز يېيىش (4642 - بېيت) ئىنتايىن مۇھىم.

### (4) چوڭلارنى ھۆرمەتلەش

چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئىنسان ئەخلاقىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. قاراخانىلار دەۋرىدە ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر. چوڭلار بىلەن كىچىكلەر، قېرىلار بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلارنى، كىچىكلەر چوڭلارنى، ياشلار قېرىلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ بىر يۈرۈش رەسمىي - قائىدىلىرى بولغان. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: چوڭلاردىن بۇرۇن سۆز قىلماسلىق، چوڭلار سورىماستىن بۇرۇن سۆز قىلماسلىق، سورىغاندىلا جاۋاب بېرىش لازىم. (959، 960، 629 - بېيتلار.) چوڭلارغا تىكىلىپ قارىماسلىق، قۇلاق چوڭلاردا بولۇشى، كۆز يەردە بولۇشى كېرەك. (095، 4055 - بېيتلار.) چوڭلار: ئولتۇر، دېمىگىچە ئولتۇرماسلىق (687 - بېيت)، خەت ياكى باشقا نەرسىلەرنى چوڭلارغا سۇنغاندا ئىككى قول بىلەن ئەدەپلىك سۇنۇش لازىم. (1556 - بېيت) چوڭلارنىڭ قېشىغا كىرگەندە كۆرەڭلەپ، قول سېلىپ كىرىش (1114 - بېيت)، چوڭلارنىڭ ئالدىدا تىرناق ئېلىش، پۇتنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇش (4118، 4115 - بېيتلار)، باداشقان قۇرۇپ ياكى يانچە يېتىش، قاقاخلاپ تەلۋىلەرچە كۈلۈش (4114 - بېيت)، تۈكۈرۈش، گېلىنى قاقىرتىش (4113 - بېيت) قاتارلىقلار ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. چوڭلارنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا قولىنى قوشتۇرۇپ (سول قول ئۈستىگە ئوڭ قولىنى ئېلىپ)، پۇتنى تۈز تۇتۇپ (4056 - بېيت) ئەدەب بىلەن تۇرۇشى، ئوڭ - سول، ھەر تەرەپكە قالايمىقان قارىماسلىقى (4059 - بېيت)، (سۆزنى دەيدىغان چاغدا، قولىنى چۈشۈرۈپ دېيىشى 4058 - بېيت) لازىم. كىچىكلەردىن: ئاڭلىغانلىرىنى ئاڭلىمىغان، كۆرگەنلىرىنى كۆرمىگەن بولۇش، قالايمىقان سۆزلەپ يۈرمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. (4062 - بېيت) گۈزەل تەربىيىلىك، خوش ئەدەپلىك كىچىكلەر چوڭلار بىرەر ئىشقا بۇيرىغاندا، باش ئۈستىگە دەپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشى لازىم. (3281 - 5027 - بېيتلار) چوڭلار كەلگەندە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈشى كېرەك. (4152 - بېيت) ئۆز نۆۋىتىدە چوڭلارمۇ كىچىكلەرگە نىسبەتەن مېھرىبان بولۇشى، مۇناسىۋەتتە قالايمىقان چاقچاقلاشماسلىقى كېرەك (

4184 ـ بېيت ) .

(5) ئائىلە ئۆرپ ـ ئادەتكە ياتىدىغان بەزى ئىشلار

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز ئۆلمى ئالدىدا ئوغۇل ـ قىزلىرىغا ۋەسىيەت قىلىشمۇ، قەدىمدىن هازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ بىرى. ئايتولدى ئۆلمى ئالدىدا، ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە ۋەسىيەت قىلىدۇ. ( 1341 ـ بېيت )

ئاتا ـ ئانا هايات ۋاقتىدا ياكى ئۆلمى ئالدىدا، ئۆزلىرىدىن قالىدىغان مال ـ مۈلۈكنى پەرزەنتلىرىگە مىراس قىلىپ بېرىشمۇ، قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ بىرى. ( 190 ـ بېيت )

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان، «قوتادغۇبىلىك» تە بايان قىلىنغان، قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىچىدە ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى (مەسىلەن: دەۋرىمىزنىڭ: ئەر ـ ئاياللار هوقۇقتا باراۋەر، دېگەن سىياسىتى بىلەن خوتۇنلارنى نامەھرەم دېيىش توگەۋاتقان بولسىمۇ تۇرمۇشىمىزدىن چۈشۈپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى هېلىمۇ ئەينەن داۋاملاشماقتا ) .

تۆتىنچى: كىشىلىك تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

ئۇ كىشىلەرنىڭ بىر پۈتۈن هايات مۇساپىسى ۋە ئۇنىڭ مۇهىم باسقۇچلىرىدا بولىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەتلەر روشەن ئىجتىمائىيلىق ۋە مىللىلىككە ئىگە بولغاچقا، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى نىسبەتەن ئاستا بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نىسبەتەن روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

(1) باللار تويلىرى

ئادەمنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ھەر قانداق بىر مىللەت چوڭ ئىش قاتارىدا كۆرۈپ، تۇغۇلغان بالىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل توي مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى باللار تويلىرى ئۈستىدە كەڭ توختالمىغان، پەقەت ئوغۇللارنىڭ سۈننەت تويى تىلغا ئېلىنغان ( 5754 ـ بېيت ) . «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە، يەنە بالىغا ئات قويۇش مۇراسىم ( 1 ـ توم، 525 ـ بەت ) . بۆشۈك تويى ( 1 ـ توم، 475 ـ بەت ) . قىزلارنىڭ قۇلىقىنى تېشىش مۇراسىمى ( 1 ـ توم، 280 ـ بەت ) قاتارلىق باللار تويلىرى بولغان.

(2) قىز ـ يىگىت تويى

بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ تويى ئالاھىدە رەسمىي ـ قائىدىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

توي ـ ئەر ـ ئاياللار ئۆمرىدىكى چوڭ ئىش، ئۇيغۇر خەلقى قىز ـ يىگىت تويىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىز ـ يىگىت تويىمۇ ئالاھىدە رەسمىي ـ قائىدىلەر بىلەن تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن.

ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە جۈپ تاللىشىدىمۇ، ئادەتكە ئايلانغان بىر يۈرۈش شەرتلەر بولغان. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: چىرايلىقنى ئەمەس، ئەخلاقى چىرايلىقنى تاللاش، چۈنكى ئايالنىڭ گۈزەللىكى ـ ئەخلاق؛ ( 4482، 4500 ـ بېيتلار ) قىزنىڭ تېگى ( ئاتا ـ ئانىسى ) ياخشى بولسۇن؛ ( 4476 ـ بېيت ) سېنى ياخشى كۆرىدىغان بولسۇن؛ ( 4477 ـ بېيت ) ئۆزى بىلەن تەڭنى ئېلىش مۇهىمكى، ئىگىزگە ئېسىلىش ياخشى ئە-

مەس، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ؛ (4479 - بېيت) ئىگىزگە ئېسىلىش دېگەنلىك: بىرى - باي قىزلارغا ئېسىلىش، يەنە بىرى - ئۇلۇغلارنىڭ قىزلىرىغا ئېسىلىش دېگەنلىك بولۇپ، (4487 ، 4495 - بېيتلار) ئۆز خىلىنى تاپقان ياخشى، بولمىسا ئۇلارنىڭ قولى بولۇپ قالىدۇ: ھايالىق، ئەخلاقلىق، سىنى ياخشى كۆرىدىغان ئۆز خىلىنى ئالسا، بىرىنچىدىن ئۇ، سىنى باي قىلىدۇ، ئىككىنچىدىن يۈزىڭنى ئاي قىلىدۇ. (4499 - بېيت)

«قۇتادغۇبىلىك» تە پەقەت «نىكاھ تويى» تىلغا ئېلىنغان، لېكىن تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان. (4575 - بېيت) قاراخانىلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن يەنە بىر ئۇلۇغ ئەسەر «تۈركى تىللار دىۋانى» دا قىز - يىگىت تويى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان:

قىز - يىگىت تويىدا ئەلچى بولغان. (1 - توم 191 - بەت، 3 - توم 74 - بەت)

قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە سىلىق سىلىپ، توي مېلى ئالغان. (3 - توم 507، 508 - بەتلەر).

توي باسقۇچلۇق. ھەشەمەتلىك، شاد - خۇرام بەزمىلەر بىلەن ئۆتكەن. (3 -توم 606 - بەت، 1 - توم 516، 641 - بەتلەر.)

ھاللىق ئائىلىلەر قىزلىرىغا دىبەدەك ياكى خىزمەتچى قوشۇپ بەرگەن. (1 -توم، 393، 394 - بەتلەر.)

قىز تەرەپتىن قىز بىلەن بىللە توي كېچىسى يەڭگە بارغان. (3 -توم 324 - بەت)

قىزنىڭ قىزلىقى مۇھىم بولغان. (1 -توم 496 - بەت. 3 -توم 361، 461 - بەتلەر).

**(3) دەپنە - مۇراسىم**

ئادەم تۇغۇلىدۇ ۋە ئاخىرى ئۆلىدۇ، بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنى. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆلگەن ئادەمنى دەپنە قىلىش رەسمىي - يوسۇنلىرى بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بىر يۈرۈش دەپنە - مۇراسىم ئۆرپ - ئادەتلىرى بولغان. «قۇتادغۇبىلىك» تە بايان قىلىنغان، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە - مۇراسىم ئۆرپ - ئادەتلىرى تۆۋەندىكىچە بولغان:

ئۆلىمى ئالدىدا ئۇرۇق - تۇققان، يېقىنلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن رىزالىق ئېلىش. (1517 - بېيت) مال - دۇنياسىنى ئۈلەشتۈرۈپ سەدىقە قىلىش (1518 - بېيت). گۆر كولاپ (6299 - بېيت)، ئىككى ماتاغا يۆگەپ ① (1420 - بېيت) «ئىگەرسىز ياغاچ ئات» قا مىندۈرۈپ ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىش، (1428 - بېيت) ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاش، (6292 -بېيت) قارا كىيىش (5029 - بېيت) ماتەم تۇتۇش (6340 - بېيت)، نەزىر قىلىش، (4577 - بېيت) ۋە ئۆلگەن ئادەم گۇناھلىرىنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى يۇلۇغ (فىدىيە) قىلىش، (6099 - بېيت)، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ بىرەر نەرسىنى تەۋەرۈك بىلىپ تۇتۇش (6322، 6323، 6325، 6326 - بېيتلار) ۋە باشقىلار.

**(4) چۈش ۋە تەبىر**

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ چۈشكە ئىشەنگەن ۋە مەخسۇس چۈش ئۆرۈيدىغان ئادەملەر بولغان، چۈش ۋە ئۇنىڭ تەبىرى ھەققىدە مەخسۇس كىتابلارنى يازغان. قاراخانىيلەر دەۋرىدىمۇ مەخسۇس چۈش ئۆرىگۈچىلەر بولغان. يۈسۈپخاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 54 - بابىدا چۈش ۋە چۈش ئۆرىگۈچىلەر

---

① «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 1 - توم 652 - بېيتىدە ئۆلۈك ساندۇقى ئۈستىدە توختالغان. ئۆلۈك ساندۇق ئىسلامدىن كېيىنمۇ ئىشلىتىلگەن - ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى تەتقىق قىلىش لازىم.

ئۇستىدە مەخسۇس توختالغان. شۇنىڭ بىلەن بىلـ
لە، ئۇغۇرمىشنىڭ ئۆلىمى ئالدىدىكى چۈشنى ۋە
ئۇنىڭ تەبىرىنى بارغان.

چۈش - ياخشى چۈش ۋە يامان چۈش دەپ
ئىككىگە بۆلىنىدۇ، (4771 - بېيت) يامان چۈش
كۆرگۈچى تەڭرىگە سېغىنىپ، سەدىقە بېرىش
لازىم. (4371 - بېيت)

چۈش ئۆرىگۈچى ياخشى بولۇشى، چۈشكە
توغرا تەبىر بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. چۈشـ
نى قانداق ئۆرىسە، شۇنداق بولىدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن چۈش ئۆرىگۈچى بۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل
بۆلىشى زۆرۈر. (4373 - بېيت) كۆرگەن چۈشنى
چۈش ئۆرىشنى بىلمەيدىغانلارغا دېمەسلىك كېـ
رەك (5994 - بېيت) ئاڭلىغانلارمۇ خالىغانچە ئۆـ
رىمەسلىكى لازىم. (5998 - بېيت)

كىچىدە كۆرگەن چۈش بىلەن كۈندۈزى كۆرـ
گەن چۈش ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ تەبىرىمۇ باشـ
قىچە بولىدۇ. (5996 - بېيت)

بەزى چۈشلەر كەچتە يېگەن غىزاسىغا، بەزى
چۈشلەر مىجەزىنىڭ بۇزۇلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بوـ
لىدۇ (6005، 6006، 6007، 6008، 6009، 6010،
6011، 6012، 3601، 6014 - بېيتلار)، بۇنداق
چۈشلەرنىڭ تەبىرى بولمايدۇ (6015 - بېيت).
بەزىدە يېتىش ئالدىدا نېمىنى ئويلىسا، شۇنى
چۈشەيدىغان؛ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى
ياكى كەسپىنى چۈشەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ،
بۇنداق چۈشلەرگىمۇ تەبىر بەرمەسلىك كېرەك. (
6016، 8601 - بېيتلار) شەيتانى چۈش كۆرگەنـ
لەر غۇسلە قىلىش لازىم. (6017 - بېيت)

چۈشىدە كۆرگەن نەرسىلەر رېئاللىقتا ئەكسـ
چە بولىدۇ: خوشاللىق چۈشىسە، ئۇنىڭغا قايغۇ
كېلىدۇ؛ چۈشىدە يىغلىسا، ئۇنىڭغا ياخشىلىق بوـ
لىدۇ. (6022، 6026 - بېيتلار.)

ئودغۇرمىش چۈش كۆرىدۇ: ئۇنىڭ ئالدىدا
ئەللىك ۋاخىنلىق شوتا تۇراتتى. ئۇ ۋاخىنلارنى
بىر - بىرىدىن ساناپ، ئەڭ بېشىغا چىقىدۇ. ئۇ
يەردە بىر ئەتچى (قاسساپ) سۇ بېرىدۇ، ئودـ
غۇرمىش ھەممىسىنى ئىچىدۇ، ئارقىدىن كۆككە قاـ
راپ ئۇچۇپ، كۆككە سىڭىپ يوقاپ كېتىدۇ. (
6033، 6034، 6036 - بېيتلار)

ئۆگدۈلمىشنىڭ تەبىرى: ئۆرلەش - ئېزىزـ
لىك، سېنىڭ شۆھرىتىڭ ۋە دۆلىتىڭ ئاشىدۇ. (
6039 - بېيتلار.)

ئودغۇرمىشنىڭ تەبىرى: شوتا - ئۆمۈر يوـ
لۇم: ئۇستىگە چىققانلىقى، ئۆمرۈمنىڭ تۈگىگەنلىـ
كى؛ ئەتچى (قاسساپ) - ئاتىلىقنى ئاتىسىز قىلىـ
دىغان ئەزرائىل، سۇنى يېرىم ئىچكەن بولسام،
يەنە ياشىغان بولاتتىم، بىراق مەن ھەممىسىنى ئىـ
چىۋەتتىم، بۇ ئۆمرۈمنىڭ تۈگىگەنلىكى؛ كۆككە سىـ
ڭىپ كەتكەنلىكىم - جان تەندىن ئايرىلىپ - كەلـ
مەس يېرىگە يېنىپ كەتكەنلىكى... (6052،
6053، 6054، 6055، 6059، 6060، 6064، 6051
- بېيتلار)

ئاردىن كۆپ ئۆتمەي ئودغۇرمىشنىڭ مۇردى
قومارۇ كېلىپ، ئودغۇرمىشنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى
ئۇقتۇرۇلمىشقا يەتكۈزىدۇ. (6286، 6288 - بېـ
يىتلار)

«قوتادغۇبىلىك» تە چۈش ۋە ئۇنىڭ تەبىرى
- بىر ئىلىم دېيىلگەن، (5993 - بېيت).

**(5) ئەپسۇن ۋە باشقىلار**

ئەپسۇن ئوقۇش ئىپتىدائى جەمئىيەتتىلا بارـ
لىققا كەلگەن، ئۇ چاغلاردا ئادەملەر تەبىئەت ھاـ
دىسىلىرىدىن (چاقماق، گۈلدۈر ۋە باشقىلاردىن)
قورقۇپ، تەڭرىگە سېغىنىپ، ئەپسۇن ئوقۇشنى ئىـ
جات قىلغان. قاراخانىلار دەۋرىدىمۇ ئەپسۇنـ
چىلار، باخشىلار بولۇپ (4361 - بېيت)، ئۇلار

«جىن چاپلاشقان كىسەللەرنى» داۋالايتتى. (4362 - بېيت) ئەپسۇنچىلار باخشىلار ئوقۇش، تۇمار پۈتۈش ئارقىلىق (2436، 5436 - بېيتلار) جىن - پەرىلەرنى قوغلىغان. تۇپىلار ئۇلارنى ئىنكار قىلاتتى، ئۇلارمۇ تۇپىلارنى يامان كۆرەتتى. (4364 - بېيت) يەنە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردا ئىسرىق سېلىش (98 - بېيت) ئادىتىمۇ بار ئىدى.

**(6) ئادەتكە ئايلانغان ئېتىقادلار**

ھەر بىر مىللەتتە ئېتىقاتقا ئايلانغان. ھەر بىر ئادەم چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەنئەنىۋى ئادەت كۆپ قاراشلىرى بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردىمۇ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، بۇنداق ئادەتكە ئايلانغان ئېتىقاتلار ئاز ئەمەس. «قۇتادغۇبىلىك» تە، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق ئادەتكە ئايلانغان ئېتىقاتلىرىدىن بىر قىسمى بايان قىلىنغان، بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ياخشىلىق ئوڭ، يامانلىق سول، چۈنكى جەننەت ئوڭ تەرەپتە، جەھەننەت سول تەرەپتە بولىدۇ. (917 - بېيت) شۇڭ ئۇچۇن ھەممە ئىشنى ئوڭ قولدا قىلىش، (4597 - بېيت) ئۆيگە ئوڭ پۇتنى ئالدىن تاشلاپ كىرىش كېرەك.

ئىنساننىڭ توققۇزى تەل بولۇپ كەتسە، ياخشى ئەمەس، بىر بالا - قازا بولىدۇ ياكى ئۆلىدۇ. (1047 - بېيت)

باشقا مىللەتلەر ئۇيغۇرلارنى: «پۇل تاپسا ئۆي - جاي قىلىدۇ.» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش يېقىنقى زامانلاردىلا شەكىللەنگەن بولماستىن، قاراخانىلار دەۋرىدىمۇ بارلىقىنى تۆۋەندىكى بېيىتلاردىن بىلگىلى بولىدۇ.

1042 - بېيت: شۇياڭلىغ ھۆزۈردا ئۆتتى بىر زامان،
تۈزەلدى ئېلى ھەم خەلقى ھەر تامان.

1043 - بېيت: تۆلا ئەرتتى ئەلدە شەھەر - كەنت قۇرۇش،
جۇغلاندى غەزنىگە ئالتۇن ھەم كۈمۈش.

2178 - بېيت: تولا قىلسا ئالتۇن - كۈمۈش غەزنىنى،
تۈزەپ ئەل، ئارتتۇرسا ئۇ، كەنت - شەھەرنى.

«بىر ئات ئون بالىنى باقالايدۇ، ئون بالا بىر ئاتنى باقالمايدۇ»، «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەن قاراش، قاراخانىلار دەۋرىدە: «ئاتا ئوغۇل - قىزنى دەپ ئىتنى (گۆشنى) يەيدۇ، ئوغۇل - قىز ئاتىنىڭ ئېتىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ.» (1166 - بېيت) شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

كىشى ئەيۋىنى ئېچىش يامان. (1328 - بېيت)

بىرەر ئىش قىلىشتا قۇتلۇق ۋاقتنى تاللاش كېرەك (4386 - بېيت) چۈنكى كۈن، ئاينىڭ قۇتلۇقى ۋە نەسلىرى بولىدۇ.

**(7) ئۆمۈرنى بۆلۈش**

ئادەتتە ئۆمۈرنى گۆدەكلىك، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق، ئوتتا ياشلىق، قېرىلىق دەپ بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ياش چېگرىسى بەلگىلىنىدۇ. بۇنداق بۆلۈش، بولۇپمۇ ياش چېگرىسىدا، ھەر قايسى مىللەتلەردە پەرق بولۇشى مۇمكىن. «قۇتادغۇبىلىك» تە ياشلىقنىڭ ئاخىرقى چېكى 40 ياش (364 - بېيت)، ئاتمىشتىن باشلاپ قېرىلىق باشلىنىدۇ، (367 - بېيت) 40 ياش بىلەن 60 ياشنىڭ ئارىلىقى ئوتتا ياش دەپ كۆرسىتىلگەن.

**(8) مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى**

«قۇتادغۇبىلىك» تە قاراخانىلار دەۋرىدە-

كى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىـ
دىن چەۋگەن (ئاتلىق ئوينىلىدىغان توپ ئويۇـ
نى)، ئوۋ (ئوق بىلەن ئوۋلاش، قۇش بىلەن
ئوۋلاش)، دامكا ـ شاھمات ( 2634، 2635،
1258 ـ بېيتلار) قاتارلىقلار سۆزلەنگەن.

(9) باشقىلار

ئۇيغۇرلاردا خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا مۇكاـ
پاتلاش ئادىتىمۇ بولغان. «قۇتادغۇبىلىك» تە
بۇنداق مۇكاپاتلاش ئادەتلىرىدىن» يېقىن كىشىـ
لىرىگە سوۋغا تۇتۇش ( 112 ـ بېيت)، خىزمەت
كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش ( 296 ـ بېيت)،
تارتۇقلاش ( 1769، 2390 ـ بېيتلار) قاتارلىقلار
بولغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردا ئىككى
ئىش: بىرى ـ زىنا قىلىش، يەنە بىرى هاراق ئىـ
چىش قاتتىق ئەيىبلەنگەن. ئۇيغۇرلار هاراق ئىـ
چىشنى ـ بۇزۇقلۇق، ھەر خىل گۇناھلارنى ئۆتكۈـ
زۇشنىڭ سەۋەبچىسى دەپ قارىغان. زىنا قىلىشنى
بولسا پاسىقلىق. زىنا قىلغان ئادەمدىن بەخت قاـ
چىدۇ، ئابرويى تۆكۈلىدۇ، دەپ بىلگەن. ( 1334،
1338 ـ بېيتلار)

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىـ
لىك تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى دەۋرىمىزدىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئانچە ئۆزگەرمىگەن ھاـ
لەتتە داۋاملاشماقتا. بەزى خۇراپاتقا ياتىدىغان
ئادەتلەر ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن چۈشۈپ قېلىۋاتـ
قان بولسىمۇ، كۆپلىرى ھېلىمۇ ساقلىنىپ، ئىجرا
قىلىنماقتا.

ئاخىرقى خۇلاسە

«ئۆرپ ـ ئادەتلەر مىللەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ
تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىپ، ئىدىيۋى مەدەنىيەتـ
نىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولىدۇ. شۇنداق بولغانـ
لىقتىن، ئۆرپ ـ ئادەتلەر بەلگىلىك بىر دەۋرىدـ
كى مىللەتنىڭ مەنىۋى ۋە تۇرمۇش قىياپىتىنى
ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ مەـ
نىدىن ئالغاندا، ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە قاراپ، ئۇـ
نىڭ قايسى مىللەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېـ
لىش ئانچە تەس ئەمەس.

بەزى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە
ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان يېرى بولۇشى مۇمكىن،
بولۇپمۇ بىر خىل دىن، بىر خىل تىل سىستېمىسى
ۋە ئۆز ئارا ئارىلىشىپ ياشىغان مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئوخشاشلىقلار تېخىمۇ كۆپرەك
بولۇشى تەبىئىي. مەسىلەن: تۈركى تىلدا سۆزـ
لىشىدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆز
ئارا ئارىلىشىپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق،
ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە بۇنداق ئوخشاشلىقلار كۆپ
تېپىلىدۇ. بىر مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە
ئۆز ئارا ئوخشايدىغان ئوخشاشلىقلار نىسبەتەن
كۆپرەك بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار مۇستەقىل مىللەتلەر
بولغانلىقىدىن ئۆزىگىلا خاس، باشقا مىللەتلەرـ
نىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بولىـ
دۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار بىلەن بەزى تۈركى تىلـ
دا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ماددىي ـ مەدەـ
نىي تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي
ئالاقە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئائىلە ئۆرپ ـ ئادەتـ
لىرى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە
ئۆز ئارا ئوخشاشلىقلار بولۇش بىلەن بىللە،
ئوخشىماسلىقلارمۇ بار. بۇ مىللەتلەر ئوخشاشلا
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، تۈركى تىل
سىستېمىسىدا بولغان ئۆز ئارا ئارىلىشىپ ياشاپ
كەلگەن بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىـ
رىدە مەلۇم ئوخشاشلىقلار بار؛ لېكىن، ئۆرپ ـ
ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرىدىغان باشقا سەۋەبلەرـ
دە ئوخشىماسلىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆرپ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئادەتلىرىدە يەنىلا ئوخشىمايدىغانلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالايلۇق، بەزى مىللەتلەر چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلىشىپ شەھەرلەشكەندىن كېيىن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، سودىگەرچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى قولدىن بەرمىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇشۇ بىر ئوخشىماسلىق سەۋەبى بىلەن، بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئوخشىماسلىقلار بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ماددىي - مەدەنىي تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى كۆرەلەيمىز. قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار كەنت - مەھەللىلەرنى قورۇپ، زىننەتلىك ئۆي، ساراي، قەسىرلەردە، بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان باغۇ - بوستانلاردا ياشىغان. ئەندى بەزى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تۇرار جايلىرى كىگىز ئۆيلەر (قارا ئۆيلەر) بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يېپەك، شايە ۋە كىمخاپلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلىرى شەھەر تۇرمۇشىغا ماسلاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرى نان؛ ئىچچىق چۈچۈك ئاشلار؛ ھالۋا. ھەر خىل دارا - دەرمەكلەر سېلىنغان تائاملار؛ ھۆل - قۇرۇق يەل - يېمىش، قوغۇنلار؛ گۈل، مۇۋە، ھەسەل شارابلىرى بولغان. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان مىللەتلەردە يەنىلا سۈت، گۆشنى يېمەك - ئىچمەك قىلغان. بۇ مىللەتلەرنىڭ يالغۇز ماددىي - مەدەنىي تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىدىلا پەرق بولۇپ قالماي، ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈش - خوشلۇشۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، مېھماندارچىلىق ئۆرپ - ئادەتلىرى، خوشىندارچىلىق ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئەر - ئايال، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئۆرپ - ئادەتلىرى، مىجەز تەڭشەش قائىدىلىرى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئۆرپ - ئادەتلىرى، ھەر خىل توي، مۇراسىم، دەپنە ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلەرمۇ گەۋدىلىك بولغان. «قوتادغۇبىلىك» تە بايان قىلىنغان قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە سېلىشتۇرساق پەرقلەرنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

بەدىئىي ئەسەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى، «قوتادغۇبىلىك» تە بايان قىلىنغان ئۆرپ - ئادەتلەردىن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى كۆزلەيمىز. شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ قامۇسى بولغان، ئۇلۇغ ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قوتادغۇبىلىك» داستانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەدىمى، يۈكسەك ۋە گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى

سۇلتان مامۇت

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەپنە قىلىش ئادىتى هازىرقىدىن پەرقلىنەتتى. بۇ هەقتە ئۇلۇغ ئالىم مەهمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ جەسەتنى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ دەپنە قىلىدىغانلىقى، بۇنداق ياداق ياغاچ ساندۇقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قابىرچاق» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، «قابىرچاق» دېگەن سۆز «ساندۇق» دېگەنلىك بولسىمۇ، «بۇ سۆز كۆپىنچە ئۆلۈك سالىدىغان ساندۇقنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئالاهىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. (1 - توم، 652 - بەت). ئالىمنىڭ بۇ قىممەتلىك مەلۇماتى يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردىكى ساندۇققا سېلىپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ تېپىلىشى بىلەن ئىسپاتلاندى. مەسىلەن: ئالتاينىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىش جەريانىدا لەهەت ئىچىدىن جەسەت سېلىنغان ياغاچ ساندۇق (قابىرچاق)لار تېپىلغان. يەنە 1983 - يىلى يەكەن ناهىيىسىنىڭ كاچۇڭ يېزىسىغا قاراشلىق چامىسال دېگەن يەردە دېهقانلار يەر تۈزلەۋېتىپ، بىر قەدىمكى قەبرىستانلىقنى بايقىغان. ئۇلار بۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن كەلگەن خادىملار بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەردىن ياغاچ ساندۇق (قابىرچاق) قا سېلىپ دەپنە قىلىنغان بىر قانچە جەسەتنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ساندۇق (قابىرچاق) ئىچىدىكى جەسەتلەرنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

يەنە بەزى قەدىمكى قەبرىلەردىكى ئەهۋاللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى قاچىغا سېلىپ دەپنە قىلىدىغان ئادىتىنىڭمۇ بارلىقى ئىسپاتلانغان. مەسىلەن: 1987 - يىلى 3 - ئايدا قەشقەر كونىشەهەر ناهىيىسىنىڭ قوغان يېزىسىغا قاراشلىق «ياۋۇلۇق» قەبرىستانلىقىدىن بىر قەدىمكى جەسەت كۈلى قاچىسى تېپىلغان. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باهالاپ بېكىتىشىگە قارىغاندا، بۇ جەسەت كۈلى قاچىسىنىڭ مەيلى يىل - دەۋرى جەهەتتىن بولسۇن، مەيلى شەكلى، هۈنەر - سەنئەت ئالاهىدىلىكى جەهەتتىن بولسۇن خېلى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇمى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ «ياۋۇلۇق» دېگەن نامى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان بەزى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ ئەتراپى تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان. جەسەتلەرگە كىيىم كىيگۈزۈلۈپ، هەر خىل ماددىي نەرسىلەر بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان. بۇنداق ماددىي نەرسىلەر يۇڭ ۋە تېرە توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك، هەر خىل تاش قوراللار، قۇلۇلە قېپى ۋە مىستىن ياسالغان زىننەت

بۇيۇملىرى ، تېرىق نانس ئارپا باشاقلىرى ، بۇغداي دانلىرى ، ساپالدىن ياسالغان تەشتەك ، كۆمزەك ، چۆگۈن ، جام ، ۋارا ، ياغاچتىن ياسالغان تەگنە ، پەتنۇس ، قوشۇق ، چۆچەك قاتارلىق قاچا - قۇمۇچلار ، چۇشەك ، چۇلۇك قاتارلىق ئات - ئۇلاق جابدۇقلىرى ، ئورچۇق ، چاچ زىخچىسى ، تۆمۈر پىچاق ، لاي بوت ، جەسەت ياتقۇزۇلغان مىس تاختاي ، تېرە - كۆن بۇيۇملىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللارغا ، بەزى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان هايۋان سۆڭەكلىرىگە قارىغاندا ، ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىمۇ قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەت بولغان. قۇربانلىق قىلىنغان هايۋان سۆڭەكلىرى جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان. مەهمۇد قەشقىرى بۇنداق قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنىڭ «ياغش» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ، «ياغش - قۇربانلىق. يەنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈركلەرنىڭ بىرەر ئىش يۈزىسىدىن ياكى تەڭرىگە بولغان ئېتىقادىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇتلارغا ئاتاپ سويىدىغان قۇربانلىقى» دەپ كۆرسەتكەن ( 3 -توم ، 11 - ، 12 - بەتلەر ). قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ، جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان كالا ، قوي سۆڭەكلىرى ئېهتىمال ئاشۇنداق مەقسەتتە قۇربانلىق قىلىنغان هايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى بولسا كېرەك .

دېمەك ، يۇقىرىقى ماددىي ۋە تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى جەسەتنى ساندۇققا سېلىپ ياكى كۆيدۈرۈپ ، كۈلىنى قاچىغا سېلىپ دەپنە قىلىدىغانلىقىنى ، جەسەتكە قوشۇپ هەر خىل ماددىي نەرسىلەرنى بىللە دەپنە قىلىشتىن تاشقىرى ، قۇربانلىق ( ياغش ) مالنىڭ سۆڭەكلىرىنىمۇ بىللە دەپنە قىلىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

## ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى

**مۇهەممەت يۇسۇپ**

ئۇيغۇر ئاياللار خېلى ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپلا زىننەت بۇيۇملىرى تاقاشقا ئادەتلەنگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ هەقتە خاتىرە قالدۇرۇلغان: «كىمسەن» - دوپپا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باش كىيىملەرگە تاقايدىغان ئالتۇن قاداق؛ «بوغماق» - ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسىلىپ ، ئۈستىگە قىممەت كۈمۈشتىن ياسىلىپ ، قىممەت باهالىق تاش ، مەرۋايىت ئورنىتىلغان ، قىزلار تويى كۈنى تاقايدىغان بىر خىل نەپىس زىننەت بۇيۇمى؛ «مونچاق» - بوينىغا ئاسىدىغان قىممەت باهالىق زىننەت تاشلىرى؛ «باقان» - ئالتۇن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئېسىل مېتالدا ئىشلەنگەن مېدالىئون؛ «كوپە» - ئالتۇن ياكى كۈمۈشتە نەپىس ئىشلەنگەن هالقا بولۇپ ، ئۇنىڭ تولغاق سۆكە . ئىپار بىلەن سۆكتە ئىشلەنگەن بوز مونچاق قاتارلىق تۈرلىرى بولغان. «ئۈزۈك» - ئاق ، سۈزۈك قاشتېشىدا يۇملاق ، نەپىس ئىشلەنگەن بىر خىل زىننەت بۇيۇمى بولۇپ ، ئاياللار ئۇنى قول بارمىقىغا سالىدۇ ، بۇنداق زىننەت بۇيۇمى سالغان ئادەمگە چاقماق تەگمەيدۇ؛ «تىزىلدۇرۇك» - ئاياللار ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقىغا بېكىتىلىدىغان زىننەت تەڭگىلىرى .

شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مى-

راس قىلىپ كېلىۋاتقان زىننەت بۇيۇملىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇلار ئالتۇن، كۈمۈش، زىرە، ياقا شەكىللىك سۆكە، قۇلۇپلۇق سۆكە، يالاڭ چېچەك، قوش چېچەك ھالقا، چىغىرتماق شەكىللىك قۇلۇپلۇق ئالتۇن، كۈمۈش بىلەيزۈك، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن زىرە، قوڭغۇراق شەكىللىك ئالتۇن - كۈمۈش، تۇگمە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇنداق زىننەت بۇيۇملىرى قارىماققا قاراخانىلار دەۋرىگە مەنسۇپتەك تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى ئەمەلىيەتتە ساكلار، ھۇنلار، ئودۇن خانلىقى، كۇسەن خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، تۈركەشخانلىقى، ئارسلان شىر ۋاڭ زامانى، قاراقىتان خانلىقى، كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئۇلاردىنمۇ يىراق تارىخىي زامانلاردىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1. باقان (مېدالىيون). باقان مارجانلىق ئالتۇن، كۈمۈش باقان، يايما شەكىللىك ئالتۇن، كۈمۈش باقان، يۈرەك شەكىللىك ئالتۇن باقان، چېچەك شەكىللىك ئالتۇن باقان دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ.

(1) مارجانلىق باقان - ئالتۇن زەنجىرنىڭ بىر نەچچە يېرىگە چىرايلىق ئۈنچە مەرۋايىت ئورنىتىلىپ، تېخىمۇ چىرايلىقلاشتۇرۇلغان زىننەت بۇيۇمىدۇر. ئۈرۈمچى تەۋەسىدىن مارجانلىق ئالتۇن باقان قېزىۋېلىنغان بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ قارىدى.

(2) يۈرەك شەكىللىك ئالتۇن باقان - ئالتۇن زەنجىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۈرەك شەكلىدە ياسالغان بىر تال ئالتۇن بۇيۇم ئېسىلىدۇ.

(3) يايما شەكىللىك ئالتۇن باقان - ئەينى زامانلاردىكى ئالتۇن ياكى كۈمۈش پۇللارنىڭ چۆرىسىدىن تۆشۈك تېشىپ، ئۇنىڭغا يىپ ياكى زەنجىر ئۆتكۈزۈپ قويۇلغان زىننەت بۇيۇمى.

(4) چېچەك شەكىللىك ئالتۇن باقان - پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل ياكى چېچەككە ئوخشىتىپ ياسالغان بويۇنغا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇمى. پىچان ناھىيىسىدىن مۇشۇنداق ئالتۇن باقان قېزىۋېلىنغان بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ ھېسابلىدى.

2. مونچاق. ئۇيغۇر ئاياللار مونچاق، ئۈنچە مارجان ياكى سەدەپ، كەھرىۋا ۋە مەرۋايىت قاتارلىق ئېسىل تاشلارنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئاسقان. بۇنداق زىننەت بۇيۇمىنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، مىللىتىمىزدىكى ئۈنچىخان، مارجانخان، مەرۋايىت دېگەن ئىسىملارنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇنداق تاشلارنى بىلىش، ئىشلىتىش تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

3. كوپە. (ھالقا). كوپىنىڭ سۆكە، چېچەك، بوز مونچاق قاتارلىق تۈرلىرى بار. تېكەس ناھىيىسىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 - 7 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ئۈزۈم شەكىللىك ئالتۇن زىرە، ئاقچى ناھىيىسىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - 3 - ئەسىرلەرگە مەنسۇ بېلىق شەكىللىك ئالتۇن زىرە قېزىۋېلىنغان.

4. بىلەيزۈك. بىلەيزۈكنىڭ يۇمىلاق، ياپىلاق، نەقىشلىك، ياقۇت كۆزلۈك ۋە چىغىرتماق شەكىللىك قۇلۇپلۇق تۈرلىرى بولغان. ئىلى، بورتالا رايونلىرىدىن چىغىرتماق شەكىللىك، ياپىلاق ئالتۇن بىلەتزۈكلەر تېپىلغان.

5. تۇگمە. تۇگمە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئالدىنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئاياللار ئۇنى قەدىمكى زامانلاردا زىننەت بۇيۇمى قاتارىدىمۇ ئىشلەتكەن.

www.uyghurkitap.com



# كۇچا پىچىقى

ئابدۇۋەلى ھىمىت

كۇچا پىچىقى تىغىنىڭ چىڭ ھەم ئۆتكۈرلۈكى، پاقىراقلىقى، دات باسمايدىغانلىقى، ئەپچىللىكى، تىغ بىلەن غىلاپىنىڭ بىرلىشىپ كۈچلۈك مىللىي پۇراققا ئىگە بولۇشى بىلەن يېڭىسار پىچىقىغا ئوخشاش يىراق - يېقىنغا داڭلىق.

كۇچا پىچىقى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، خەن، تاڭ دەۋرىدە يىپەك يولىدىكى سودىگەرلەر ئارقىلىق «كۆسەن پىچىقى» ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيالارغا ئاپىرىلىپ سېتىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەن فېڭ دەۋرىدە كۇچا پىچىقى سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن يىراق - يېقىندا داڭ چىقارغان ئىدى. داڭلىق ئۇستىلاردىن يوللۇغتاش، ئاۋۇت ھاجى، مەخسۇت قاتارلىقلار سوققان پىچاق، قايچا، شەمشەرلەر تەگرى تېغىنىڭ جەنۇپ شىمالىدا ئالقىشقا ئېرىشكەن. بېيجىڭ خان ئوردىسىدىمۇ كۇچا پىچىقى داڭ چىقارغان. گۇاڭشۈينىڭ دەسلەپكى يىللىرى خان ئوردىسىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئوردىغا ئىشلىتىدىغان بىر تۈركۈم پىچاق كۇچادا ياسىلىپ بېيجىڭ خان ئوردىسىغا ئەۋەتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە «يەتتە يۇلتۇزلۇق شەمشەر» «چون چۇ پىچىقى» ناھايىتى نەپىس ياسالغان بولۇپ خان ئوردىسىدا ئالقىشلانغان. 1937 - يىلى كۇچا پىچىقى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ باھالانغان.

كۇچا قايچا - پىچاق زاۋۇتى 1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 1979 - يىلدىن باشلاپ زاۋۇتتا دەستىگە ئۇل نەقىشلەنگەن پىچاق ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىغان. 1982 - يىلى كۇچا پىچىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ساياھەت تاۋارلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. 1985 - يىلى دۆلەت 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتكەن ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتى شاڭگاڭدا سېتىلغان. 9901 - يىلى كۇچا پىچىقى ئاپتونوم رايونلۇق يەڭ - تېخنىكا نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن ھەم شۇندىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشنا دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە سېتىلىۋاتىدۇ.

دەستىگە گۈل نەقىشلەنگەن پىچاق «قۇيغۇچ»دىن سوقۇلىدۇ. پىچاق بىسى ئاپتولدا سۇغۇرۇلۇپ پاقىراق قىلىنىدۇ، دات باسمايدۇ. پىچاق بىسى 12 سانتىمېتىردىن 25 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. كۇچار پىچىقى ئادەتتە قوش بىسلىق ۋە تاق بىسلىق بولىدۇ، پىچاق دەستىنىڭ ئۈچى كەپتەر بېشى، بۈركۈت بېشى، قوش بۈركۈت بېشى، بېلىق قۇيرۇقى قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدە سوقۇلىدۇ. پىچاق دەستىسىگە ئۇستىخان، مۈڭگۈز، مىس، كۈمۈش، ياقۇت، رەڭلىك ئەينەك ئىشلىتىلىپ ئاجايىپ گۈزەل نۇسخا چىقىرىلىدۇ. پىچاق غىلىپى خۇرۇم ياكى مىستىن ياسىلىدۇ. غىلاپقا مىس سىم، كۈمۈش سىم، قىزىل، كۆك ياقۇت ئىشلىتىلىپ گۈل نۇسخىسى ئويۇلىدۇ. پىچاقنى غىلاپقا سالغاندا دەستە بىلەن غىلاپ بىر گەۋدىلىشىپ، نەپىس، مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك، كۆركەم كۆرىنىدۇ.

كۇچا پىچىقىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، دەستىگە ۋە غىلىپىغا ھەر خىل نەقىش چۈشۈرۈلگەن كىچىك، ئەپچىل پىچاقلارنى كىشىلەر ناۋايىتى ياخشى كۆرىدۇ. قورامىغا يەتكەن ياش يىگىتلەر، ئوتتۇرا ياشلىق، ياشانغان ئەرلەر يېنىدا پىچاق ساقلايدۇ ۋە پىچاقنى يېقىن دوسلىرىغا سوغا قىلىدۇ. بازار كۈنى «جۈمە كۈنى» كۇچا بازار ئىچىدە مەخسۇس پىچاق بازىرى بولۇپ، پىچاق ساتىدىغانلار ئالدىدا تىزىلغان ھەر خىل چوڭ كىچىك پىچاقلار كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. غىلاپقا «كۇچا» دېگەن خەت ئويۇلىدۇ. مەھەللە، مەھەللىلەردە مەخسۇس پىچاق ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەن ئائىلىلەر بار. كۇچا پىچىقى 80 خىلغا 20 تۈرگە بۆلىنىدۇ.

پىچاق ياساشتىكى يۇقىرى ماھارەت، ئىنچىكە ۋە نەپىس تېخنىكىۋى ئۇسۇل كۇچا پىچىقىنى ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ دۆلە ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتۈرمەكتە.

# مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى توغرىسىدا

مۇھەممەت ئىمىن

مىللىي ئەدەبىيات دېگەنلىك مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ئومۇملىقىنىڭ تەركىبىي قىسمى دېگەنلىكتۇر. مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى دېگەنلىك مۇنداق ئىككى خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەتتە مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆز ئارا كۆرسەتكەن تەسىرى، يەنە بىرى، باشقا ـ باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا بىر ـ بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى. ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشىنى مەلۇم بىر خىل مەۋھۇم روھ ياكى شەخسنىڭ ئىرادىسى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي بازىس بەلگىلەيدۇ. يەنى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆز ئارا ئالاقىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتە ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ئىككى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئومۇمەن ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولمايدۇ. ئاكتىپ تەسىرىمۇ، پاسسىپ تەسىرىمۇ بولىدۇ؛ تەسىرى چوڭمۇ بولىدۇ، كىچىكرەكمۇ بولىدۇ! مەيلى قانداق تەسىرى بولسا بولسۇن، ئۇ ئاساسلىقى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە شەكلىدە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ.

ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى تەسىردىن ئېيتقاندا، بەزى مىللەتلەرنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىنقىلابىي روھقا ئىگە بولغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى دائىم دېگۈدەك باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ ۋە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى سەۋەبلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ بولۇپمۇ روسىيىنىڭ ئىلغار رېئالىزملىق ئەدەبىياتى ۋە ئاكتىپ رومانتىزملىق ئەدەبىياتى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ غايەت زور تەسىرىگە ئۇچرىدى. چۈنكى بۇ تەسىر، ئالدى بىلەن، ئادەتتىكى بەدىئىي شەكىل، ماھارەت جەھەتتىكى تەسىر بولماستىن، مۇھىمى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى تەسىر بولدى. بۇ خىل ئىدىيىۋى ئىلھام جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇئەييەن ئىلغار ۋە ئاكتىپ رول ئوينىدى. روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلغار ئەدەبىياتىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقى مەلۇم بىر نەچچە ئادەمنىڭ تەشەببۇسى ۋە تونۇشتۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمـ

دا چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىياتىدىن ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلغانلىقىدىن بولغانىدى.

بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بەدىئىي شەكىلگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە ئۆز ئارا تەسىرى دائىم دىگۈدەك ئەدەبىيات شەكلى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۆز ئارا قوبۇل قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بەدىئىي شەكىل جەھەتتە ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئەدەبىياتنىڭ شەكلىنى تېخىمۇ باي، تېخىمۇ رەڭدار قىلىشتا پايدىلىق. دەرۋەقە، بەدىئىي شەكىل، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى تەسىر ئومۇمى دائىرىلىك تەسىر بولماستىن، بەلكى قىسمەن دائىرىلىك تەسىردۇر. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەدەبىياتىدا يېڭى شېئىر ۋە دراما قاتارلىق بەدىئىي شەكىللەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك بولسىمۇ، لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ياۋروپا، روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى شېئىرىيىتى بىلەن دراما ئەدەبىياتى شەكلىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. يەنە مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىمىزدىكى بەزى يازغۇچىلار «ئاڭ ئېقىمى» دېگەن ئىپادىلەش ۋاسىتىسىنى قوللىنىۋاتىدۇ، روشەنكى، بۇ غەربنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئەما بۇ يازغۇچىلارنىڭ «ئاڭ ئېقىمى» ئىپادىلەش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ يازغان ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىدۇر. بۇ ھال ئېلىمىز ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوبدان رول ئوينىدى.

دېمەك، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى يەككە - يېگانە بولمايدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بېرىش - كېلىش قىلىشتا، ئالماشتۇرۇشتا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، ھەمىشە، ئالدى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەت بارلىققا كېلىدۇ، ئاندىن ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئۆز ئارا تەسىر بولىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، يەنە ھەمىشە، ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئۆز ئارا تەسىر قىلىش ۋە ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈش يەنىمۇ ئىلگىرىلەيدۇ ۋە تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، مەسىلەن، ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدىن كېيىن ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قەدەر قويۇق ئالاقىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىر - بىرىگە بولغان تەسىرىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك، ئالاھىدە چوڭقۇر بولغانىدى. ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ۋە ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلەر ئانچە قويۇق ۋە يېقىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات جەھتتىكى تەسىرىمۇ ئانچە روشەن بولمىغانىدى. ئەمما يېقىنقى زامانغا كەلگەندە «بۇرژۇئازىيىنىڭ دۇنيا بازىرىنى ئېچىشى ئارقىسىدا ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىستېمالىنى دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە قىلدى... جايلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئۆزىنى ئۆزى

تەمسىلەش ۋە سىرت بىلەن ئالاقە قىلماسلىق ھالىتى-
نىڭ ئورنىنى مىللەتلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆز ئارا
ئالاقىلىشىشى ۋە ھەر جەھەتتىن ئۆز ئارا تايىنىشى
ئىگىلىدى. ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتا مۇشۇنداق
بولدى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشمۇ شۇنداق بول-
دى» (ماركس). ماركسنىڭ بۇ بايانى مىللەت-
لەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئالاقى-
سى ۋە ئۆز ئارا تايىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ مەنىۋى
ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئالاقىنى ۋە ئۆز ئارا
تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن-
لىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى تارىخىي پاكىتلار
شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ
ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى، ئالدى بىلەن، تە-
سىرنى قوبۇل قىلغۇچى مىللەت ئىچكى قىسمىدىكى
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن
ئۆز مىللىتىنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئېھ-
تىياجلىق ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي ئۇزۇقنى سىرتتىن
ئىزدەيدىغان ئىچكى ئېھتىياج پەيدا بولىدۇ. ئالاي-
لۇق، نېمە ئۈچۈن دۆلىتىمىزدە شىنخەي ئىنقىلابى-
دىن كېيىن ياۋروپانىڭ بولۇپمۇ روسىيە ۋە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ چىرىكلىكى
پاش قىلىنغان ياكى سىنىپىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي قار-
شىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن ئىلغار رېئالىزم-
لىق ۋە ئاكتىپ رومانتىزملىق ئەدەبىياتى جۇڭگو
مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور
تەسىر كۆرسىتەلىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى،
ئەينى ۋاقىتتا دۆلىتىمىزدە جاھانگىرلىككە، فېئودا-
لىزمغا قارشى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب قوزغال-
دى، كىشىلەر بەس - بەس بىلەن ھەقىقەت ئىزدە-
دى. ئومۇمەن قارىغاندا، ئۇ دەۋر ئالغا بېسىۋات-
قان دەۋر ئىدى. ئۇ دەۋر كىشىلىرى رېئاللىققا يۈزلە-
نىپ، رېئاللىققا نەزەر تاشلاپ، رېئاللىق ئۈستىدە
ئىزدىنىپ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقانىدى.
بۇنداق ئەھۋالدا ياۋروپانىڭ بولۇپمۇ روسىيە ۋە
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار رېئالىزملىق ۋە ئاكتىپ
رومانتىزملىق ئەدەبىياتى شۇ دەۋردە دەۋرنىڭ ئېھتى-
ياجىغا دەل ئۇيغۇن كەلگەن ھەم يېڭى دەۋر ئەدەبى-
ياتىمىز تەرىپىدىن ئاسانلا قوبۇل قىلىنغانىدى.
بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەقەت
ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىياتلا باشقا مىللەتلەر
ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسى-
تەلەيدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر
مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىكى ھەممە ئەسەرلەرنىڭ
بىردەك باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا تەسىر
كۆرسىتىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئىدى-
يە ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقى-
يەت قازانغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات تەرەققى-
يات تارىخىدا زور رول ئوينىغان ئەسەرلەرلا، باش-
قا مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.
يەنە ئالايلۇق، ياۋروپادىكى ئەدەبىي ئويغىنىش
ھەرىكىتى ئالدى بىلەن ئىتالىيىدە قوزغالغانىدى،
كېيىن ئىجتىمائىي شارائىتى ئىتالىيىنىڭكىگە ئوخ-
شاپ كېتىدىغان غەربىي ياۋروپا، جەنۇبىي ياۋروپا
ئەللىرىدىمۇ ئىتالىيىنىڭ تەسىرىدە ئەدەبىي ئويغى-
نىش ھەرىكىتى قوزغالدى. چۈنكى، غەربىي ياۋرو-
پا، جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئەللەردە ئىلگىرى -
كېيىن بولۇپ، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش تەلىپى
پەيدا بولغانىدى، دەل مۇشۇنداق تەلەپكە ئۇي-
غۇنلاشقان ھالدا ئۇ ئەللەردە ئەدەبىي ئويغىنىش
ھەرىكىتى قوزغالدى. روسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا،
شىمالىي ياۋروپادىكى ئەللەر بولسا ئىتالىيىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوزغالغان ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى-
گە ئۇچرىمىدى ياكى تەسىرگە ناھايىتى ئاز ئۇچرى-
دى، چۈنكى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي شارا-
ئىتى ئىتالىيىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. بۇ ئەللەردە
فېئودالىزم يەنىلا مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇر-
غان بولۇپ، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش تەلىپى
تېخى ئانچە ئۆتكۈر ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان-
دى. دېمەك، مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى-
نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېھتىياج مىللەتلەر ئەدەبى-
ياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىنلىكىنىڭ
ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. ئەمما بۇنداق مۇمكىنچى-
لىك يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسا-
دىي، سىياسىي جەھەتتە ئۆز ئارا ئالاقە قىلىشىغا
باغلىق بولىدۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە
ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ئىككى مىللەتنىڭ
ئەدەبىياتى ئومۇمەن ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتەلمەي-
دۇ.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مىللەت-
لەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش كۈ-
چى باپباراۋەر بولمايدۇ، بەزىسىنىڭ چوڭ، بەزى-
سىنىڭ كىچىك بولىدۇ. بەزىسىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ
چوڭراق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، شۇ
مىللەتنىڭ دۇنيا تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا
ئوينىغان رولىنىڭ چوڭراق بولغانلىقىدىن بولىدۇ،
ئىككىنچىدىن، شۇ مىللەتنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋر-
دە ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى
جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئىدى-
يىۋىلىكى چوڭقۇرراق، بەدىئىيلىكى مۇكەممەلرەك
بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرلا باشقا مىللەت ئەدەبى-
ياتىغا ئىدىيىۋى ئىلھام ۋە بەدىئىي ئۈرنەك بەخش
ئېتەلەيدۇ. پلېخانوۋ: «بىر مىللەت ئۆزىنىڭ
قالاقلىقى تۈپەيلىدىن مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە
باشقا مىللەتكە ھېچقانداق نەرسە بەخش ئېتەلمە-
گەن چېغدا، ئۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى تەسىر كۆر-
سىتەلمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن مە-
لۇم بولىدۇكى، بىر مىللەتنىڭ مەلۇم بىر تارىخىي
دەۋردىكى غايەت زور سىياسىي تەسىرى شۇ مىللەت
ئەدەبىياتىنىڭ تەسىر كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەي-
تىدۇ، مەسىلەن، 19 - ئەسىردىكى روسىيە ئەدەبى-
ياتىدا زور بىر تۈركۈم يازغۇچىلار مەيدانغا كې-
لىپ، ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە ناھايى-
تى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر يۈرۈش ئە-
سەرلەرنى ئىجاد قىلغانىدى. بۇ ئەسەرلەر ئەينى
چاغدا ھەم كېيىنكى دەۋرلەردە باشقا مىللەتلەرنىڭ
ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. يەنە مەسى-
لەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى VIII ئەسىردىن مىلادىدىن
بۇرۇنقى IV ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، يۇنان
ئەپسانىلىرى، ئېپوسلىرى، تراگېدىيە ۋە كومېدى-
يىلىرى ئۆزىنىڭ شانلىق نۇرىنى چاچقانىدى. بۇ
كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ھازىرمۇ «يەنىلا بىز-
نى شۇ سەنئەتتىن بەھرىمەن قىلالايدۇ ھەمدە مەلۇم
جەھەتتىن ئېيتقاندا، يەنىلا بىر خىل نەمۇنە ۋە
يەتكىلى بولمايدىغان ئۈلگە» ھېسابلىنىدۇ. كاپى-
تالىزم پەيدا بولغاندىن بۇيانقى ئالتە - يەتتە
يۈز يىل مابەينىدە، شكسپېر، گېيوتې، ھېنرىخ
ھېينى، بايرون، بالزاك، رومىن روللان، پۇش-
كىن، تولستوي قاتارلىق زور تۈركۈمدىكى ئۇلۇغ
يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار دۇنيا ئەدەبى-
يات خەزىنىسىدە نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئەسەرلەرنى
قالدۇرۇپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە غايەت زور تۆھ-
پە قوشتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى فېئودالىق تۈزۈم-

نى ، ئىلاھىيەت ھوقۇقى ۋە كاپىتالىستىك جەمئىيەتـ
نىڭ ھەر تەرەپلىمە جىنايەتلىرىنى قاتتىق پاش قىلـ
دى ۋە تەنقىد قىلدى. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى
ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ساپ
پۇل مۇناسىۋىتى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ساقتا ئەخلاق
قارىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ئىچكى زىددىـ
يەتلىرىنى ئىپادىلەپ ، كىشىلەردە كاپىتالىزم تەرتىـ
ۋىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە قارىتا گۇمان پەيدا قىلـ
دى. بۇ نەرسىلەر بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا مەلۇم
بىلىش ئەھمىيىتىگە ۋە تەربىيىلەش رولىغا ئىگە.
شۇنىڭدەك ئۇلار تەمىن ئەتكەن مول ئەدەبىيات
تەجرىبىلىرى ۋە ئىجادىيەت ماھارەتلىرىمۇ بۈگۈنكى
سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ،
يەنىلا مۇئەييەن پايدىلىنىش ۋە ئەينەك قىلىش قىمـ
مىتىگە ئىگە.

دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئۆز مىلـ
لىتىنىڭ تۇرمۇش تۇپرىقىدا ئېچىلغان گۈل بولۇپ ،
ھەر قايسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە
ئارتۇقچىلىقى بار. دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتـ
لەرنىڭ ئىلغار ، تەرەققىپەرۋەر ، دېموكراتىك ئەدەـ
بىياتى بىزگە ئىدىيە جەھەتتىن ئىلھام ، بەدىئىلىك
جەھەتتىن ئۈرنەك بەخش ئېتىدۇ. ھازىرقى دۇنياـ
دىكى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتىدىمۇ بىزگە
ئوزۇقلۇق بولىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ، غەرب
دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان مودېرنىزىمچىلارنىڭ ئىـ
جادىيىتىنىمۇ بىر يولىلا يوققا چىقىرىپ ، پۈتۈنلەي
ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. دەرۋەقە ، ئومۇمىي
جەھەتتىن قارىغاندا ، مودېرنىزىم ئەدەبىياتى كاپىـ
تالىزم دۇنياسىدىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى كرىزىسـ
نىڭ مەھسۇلى ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بۇرژۇئا ئىـ
دىيىسىنىڭ ئىپادىسى. ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرىدا
شەھۋانىلىق ، بۇلاڭچىلىق تەرغىپ قىلىنغان ، چۈشـ
كۈن ، بىمەنە ھايات قارشى بازارغا سېلىنغان ،
بىز ئۇلارنى قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ كەلمەي ، رەت
قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرىنى ئىككىلەنمەي قەتئىي
رەت قىلىشىمىز ، تەھلىلى ، تەنقىدى پوزىتسىيە تۇـ
تۇشىمىز كېرەك. ئەمما غەرب مودېرنىزىم ئەدەبىياـ
تىنىڭ بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىمۇ قىلچىلىك قوبۇل
قىلغۇدەك يېرى يوق ، دېسەك بولمايدۇ. سىمۋوـ
لىزمچىلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى «مۇزىكا گۈزەللىـ
كى ، رەسىم گۈزەللىكى ، بىنا گۈزەللىكى»نى گەۋـ
دىلەندۈرۈشكە تىرىشىش ماھارىتىنىڭ؛ ئاڭ ئېقىمـ
دىكىلەرنىڭ ھېكايە رومانلىرىدا زامان ، ماكاندىن
ھالقىپ ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىپ پېرسوناژلارنىڭ
روھى ھالىتىنى چوڭقۇر ، ئىنچىكە ئىپادىلەش ئۇـ
سۇلىنىڭ؛ بىمەنىچىلەرنىڭ دراممىلىرىدىكى سەھنە
جاھازىلىرىنى سۆزلىتىش ، كۆزگە كۆرۈنىدىغان
ئوبرازنى تەكىتلەش ، دىئالوگلارنى ئازايتىش ئۇـ
سۇلىنىڭ بەدىئىلىك جەھەتتە ئازدۇر ـ كۆپتۇر قوـ
بۇل قىلىدىغان جايلىرى بار. بىراق مودېرنىزىمـ
چىلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا ئەينەك بولۇش رولى
چەكلىك بولىدۇ، بىز بۇلارنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈـ
شىمىز كېرەك.

دۇنيا مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى تەجـ
رىبىلىرىنى ئۆگىنىشنى تەكىتلەش ۋە قۇۋەتلەش كېـ
رەك ، ئەمما دۇنيا مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنى قىلچە
تەھلىل قىلماي ، تەتقىق قىلماي ، تەنقىد قىلماي ،
قارىغۇ قويۇق كۆچۈرۈپ كېلىشىمۇ توغرا ئەمەس.
بۇنىڭدا ئىككى خىل خاھىشقا قەتئىي قارشى تۇرـ
مۇش كېرەك: بىرى ، مۇتەئەسسىپلىك ، يەكلىمچىـ
لىك خاھىشىغا قارشى تۇتۇش ىكرەك ، يەنە بىرى ،
مىللىي ئىنكارچىلىق خاھىشىغا قارشى تۇرۇش كېـ

رەك. بۇ ئىككى خىل خاھىش مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا پايدىسىز. توغرا پوزىتسىيە شۇكى، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى بارلىق پايدىلىق نەرسىلەرنى تەنقىدى ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە سەل قارايدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قارايدىغان، ھەتتا ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرى بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن ۋاز كېچىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدىغان بارلىق نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ھەممىسى خاتا. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن بەزى يولداشلار ئەدەبىيات جەھەتتە، بىر تەرەپتىن، ئۆز مىللىتىمىز ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ قىممىتىنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەرب ئەدەبىياتىنى دوراشنى بار كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلدى، ئۇلارنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى ئەمەلىيەتتە چەت ئەلنىڭكىنى قارىغۇلارچە دوراش يولىدۇر. ئەگەر بۇ يولنى بويلاپ ماڭىدىغان بولساق، مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاپ، ئەدەبىيات ئەنئەنىمىزدىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تۇپرىقىمىزدىن ئايرىلىپ قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنى خاراپلىشىش يولىغا باشلاپ قويىمىز. چەت ئەل ئەدەبىياتىنى قارىغۇلارچە ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش ۋە دوراشنى قۇۋۋەتلەيدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئاشۇنداق تەشەببۇسلار مىللىي ئىنكارچىلىق ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. باشقا مىللەت، باشقا دۆلەت ئەدەبىياتىنى ئىككىنچى بىر مىللەت، ئىككىنچى بىر دۆلەت ئەدەبىياتىغا زورلاپ تېڭىشقا ئۇرۇنۇشتەك خاتا خاھىش ۋە تەشەببۇسلار بولسا زومىگەرلىك ۋە چوڭ دۆلەت شوۋىنىزىمى ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ھەر قانداق دەۋر، ھەر قانداق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى شۇ ۋاقىت، شۇ جايدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقان ھالدا ھەمدە ئۆز دۆلىتى، ئۆز مىللىتى ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئەدەبىي مىراسلىرىغا تەنقىدى ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى. شۇڭا، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئوينىغان ھەل قىلغۇچ رولىدىن تاشقىرى، يەنە دائىم دېگۈدەك ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات خادىملىرىنىڭ ئۆز دۆلىتى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى بىلەن چەتتىن كەلگەن ئەدەبىياتنىڭ تەسىرلىرىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشىغىمۇ باغلىق. ھەر بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم بىر تارىخى دەۋردە يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبنىڭ بىرى - ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە بىر قەدەر توغرا ۋارىسلىق قىلالىغانلىقى ھەم چەت ئەلدىن كەلگەن ئەدەبىياتنىڭ مىغزىنى قوبۇل قىلالىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا

ئازات سۇلتان

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئرىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، ئاتاقلىق شائىر ۋە تەرجىمەشۇناس ئابدۇكېرىم خوجا ( 1928 – 1988 ) ئۆزىنىڭ 40 يىلغا يېقىن ئىجادىيەت ھاياتىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن كۆرنەرلىك رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئرىيىتىنىڭ ئىجادىيەت رولىنى كېڭەيتىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاقىلانە باھا بېرىش، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، قىسقىسى ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش — نۆۋەتتە ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىزنى شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى دەسلەپتە ئەدەبىي تەرجىمىدىن باشلانغان. ئۇ مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى تۇنجى بولۇپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ تەرجىمە قىلغان «ل مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» 1957 - يىلى يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئابدۇكېرىم خوجا 50 - يىللاردا ل مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندىن تاشقىرى يەنە نىمشېھىت، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابلىز نازىرى قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ خەنزۇ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۆگىنىشنى قولايلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئابدۇكېرىم خوجا تەرجىمە ساھەسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش يولىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقان ئەدەبىي تەرجىماندۇر.

خەنزۇ كلاسسىكلىرى ۋە ھازىرقى زامان ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى زور.

ئۇ كلاسسىك شائىرلاردىن لى بەي، دۇفۇ شېئىرلىرىنى ھەم ھازىرقى زامان شائىرلىرىدىن گومورو، ئەي چىڭ، گوشياۋچۇەن، ۋېن جېيې، خې جىڭجىڭ قاتارلىقلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى.

ئۇ تەرجىمە قىلغان «دۇفۇ شېئىرلىرى» ناملىق توپلام نەشر قىلىندى. «ماۋجۇشى شېئىرلىرى»، «جۇ ئېنلەينىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى شېئىرلىرى»، «تيەنئەنمىن شېئىرلىرى» نى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «قىزىل قىيا»، «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» رومانلىرىنى تەرجىمە قىلدى. مەشھۇر كلاسسىك رومان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشتى.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ ھەقىقىي باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇ ئاساسەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» ناملىق كىنو سىنارىيىسى ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەدەبىي تەرجىملىرىدىن باشقا نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېلىمىزدە، ئېلىمىزدىلا ئە-

www.uyghurkitap.com



مەس ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار، ئوبزورچىلار ماقالىلەر يېزىپ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن «پارچىلار» ۋە «شارلار تىغى» ناملىق شېئىرلىرى 1981 - ، 1985 - يىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 - ۋە 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «ئونىنچى باھار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1959 - يىل)، «باھار ناخشىسى» مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل)، «تۇپراق، باھار ۋە مەن» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل)، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل)، خەنزۇچە «ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 60 يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان مەزگىل ئابدۇكېرىم خوجا ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغلاردا، بولۇپمۇ 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 60 - يىللارنىڭ بېشىغىچە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە يازغان «يول ئۈستىدە» (1957 - يىل)، «خوش كەپلەر»، «ئاققۇ» (1961 - يىل)، «ئورۇق»، «جەننەت نەدە دېسەڭلار»، «ئايخان»، «شىنا قىز»، «چوپان»، «رىۋايەت ۋە رىئاللىق»، «ۋەتىنىمنىڭ كۆزى ئۇ»، «قومۇل توغرىسىدا ئىككى غەزەل»، «ئانىلارنىڭ ياخشىسى» قاتارلىق

بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن ۋەتەن قىياپىتىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان زامانىمىز قەھرىمانلىرى، ئاددىي شۇنداقلا ئۇلۇغ ئەمگەكچىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ، ئەمگەكنى ئۇلۇغلايدۇ. بەختىيار ھاياتنىڭ كاپالىتى بولغان پارتىيىگە، داھىغا، ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن كونكرېت ماكان - يېشىللىققا پۈركەنگەن تارىم ۋادىسى، رەت - رەت ئىمارەتلەر سىلىنىپ كۈنسېرى تەرەققىي تېپىۋاتقان شەھەرلەر، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ بەرىكىتىدىن گۈللىنىۋاتقان يېزا - قىشلاقلار، جەننەتكەبى يايلاق ۋە باغۇ - بوستانلارنىڭ كۆركەم، رەڭدار كارتىنىسى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن. مانا مۇشۇ تۇرمۇش سەھنىسىدە قايناۋاتقان ئىنسانى تۇرمۇش كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ.

ئوتلاپ يۈرگەن ئاپپاق - ئاپپاق قويلاردەك،
كەڭ ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار ئۈزەتتى.
تاڭ شامىلى قوي ھەيدىگەن قويچىدەك،
بۇلۇتلارنى نەلەرگىدۇر سۈرەتتى.

دۈپ - دۈگىلەك يالقۇنجىغان قىزىل شار،
تاغدىن دۈگىلەپ مەن تەرەپكە كېلەتتى،
سەپسالسام ئۇ، شار ئەمەسكەن قۇياشكەن،
تەبەسسۇمنى قوچىقىدا سۆيەتتى.

ئاخشامقى ئۇ قوش ئۇۋىسى - تۇرغۇندا،
بۈگۈنچۇ ھە، ئاق مودەنگۈل كۈلەتتى.
غۇلاچ ئېتىپ ئالتۇن دېڭىز لاچىنى،
دولقۇنلارنى ئىككى ياققا بۆلەتتى.

مەنمۇ چۈشتۈم ئالتۇن دېڭىز قوينىغا ،
دولقۇنلىرى ئۈنچە ـ مارجان چاچاتتى .
مەلەم خۇددى دېڭىزدىكى بىر ئارال ،
كۈلۈپ ماڭا قوينىنى كەڭ ئاچاتتى .

شائىرنىڭ 1957 ـ يىلى قومۇلدا يازغان «تاڭ سەھەر» ناملىق بۇ شېئىرى ئانا تەبىئەتكە بېشلانغان گۈزەل لىرىكا .

بىراق بىز سۈرەت گۈزەللىكى ئەكس ئېتىلگەن بۇ تەبىئەت لىرىكىسىدا ھەرگىز قېتىپ قالغان ، تۇرغۇنلۇق ئىلكىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرمەيمىز . بۇ «سۈرەت»تە تەبىئەت ۋە تۇمۇش تەبىئي يۇغۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇلار ھاياتلىق كۈچىدە ، ياشاۋاتقان ھالەتتە ، ھەرىكەت ئىچىدە جىلۋىلىنىپ كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ . شەك ـ شۈبھىسىزكى شېئىردا شائىرنىڭ ساغلام ھايات قارىشى ۋە ئىستىتىك ئىدىيىسى ئەكس ئېتىلگەن .

ۋەتەننىڭ يېڭى قىياپىتىنى تەسۋىرلەشنى مەقسەت قىلغان «بۇ قانداق مۆجىزە ؟!» شېئىرىدا بۈگۈن بىلەن ئۆتمۈشنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ئۆزگىرىشلەرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ :

تۈنۈگۈن مەشەدىن ئۆتكەندە كارۋان ،
نەپسىنى بوغاتتى ئەجەل پۈرىقى .
بۈگۈن مەن كۆز تاشلاپ قارىسام ھەريان ،
ئۆلۈمنى قوغلاپتۇ ھايات چىرىقى .

تۈنۈگۈنكى كارۋان يولىدا ئۆلۈمنى قوغلىغان «ھايات چىرىقى» باشقا نەرسە ئەمەس بەلكى يولنى ئاسان قىلغان پويىز ۋە پويىز ئىستانسىسى . ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا قوشۇلغان بۇ يېڭى شەيئى جەمئىيەت تەرەققىياتىمىزنىڭ قەدەملىرىدىندۇر ..

شائىر مۇشۇنداق رېئاللىققا يۈزلىنىپ تۇرۇپ كېلەچەكنى تەسەۋۋۇر قىلماي تۇرالمايدۇ .

چۈنكى شۇ تاپتا :

«كەڭ دالا پۈشۈلداپ ئۇخلايدۇ بىراق ،
قەلبىم شوق ئات بولۇپ چاپىدۇ ھەريان .

پايانسىز دالىنىڭ گۈزەل كەلگۈسى ،
خىيالىم ئەينىكىدە ئەكس ئېتىدۇ .
ئەتىكى مەنزىلنىڭ يېقىن شەپىسى ،
دىلىمغا يالقۇنلۇق ئوت سېپىپ ئۆتىدۇ . »

شائىرنىڭ گۈزەل بىر شېئىرى مۇھىت بەرپا قىلىشقا تىرىشقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرغان يۇقىرىقى مىساللاردىن ۋە بىز تىلغا ئالغان بىر تۈركۈم شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللاردىكى ئومۇمىي خورىغا قىستۇرما كۈي بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس .

سوتسىيالىستىك تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش دەۋرنىڭ ئەدەبىياتقا يۈكلىگەن ۋەزىپىسى بولۇپ ئەينى يىللار ئەدەبىياتىدىكى چوڭ تېمىلارنىڭ بىرى ئىدى . ئابدۇكېرىم خوجا دەۋرنىڭ كۈيچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شېئىرلىرىدا يېڭى كىشىلەرنىڭ يېڭىچە قىياپىتى ، روھىي دۇنياسى ۋە خاراكتېرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئۇ 1959 ـ يىلى ئېلان قىلغان ««چىراق ۋە مەن» ناملىق شېئىرىدا «مەن» بىلەن چىراقنىڭ دىئالوگىنى قىزىقارلىق بايان قىلىدۇ . خۇلاسە ئورنىدا بېرىلگەن مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق چىراق كېچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرالايدۇ . لېكىن چىراقنى چىراق قىلغان ياغ ، پىلىك قاتارلىق تەركىپلەرنىڭ بىرىكمىسى . ئەگەر بۇ ئامىللار تەل بولمىسا چىراق مەۋجۇت بولمايدۇ . بىراق ئەڭ مۇھىمى چىراقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياراتقان يەنىلا ئادەم دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى تۇرمۇش ھەقىقىتى بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ قىسقا شېئىردا دۇنيانى ئادەم ۋە ئادەمنىڭ ئەمگىكى يورۇتقان دېگەن پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن. شۇڭلاشقا بۇ خىل ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشتىكى شائىر نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئۆزى ياراتماقچى بولغان يېڭى كىشىلەرنى ئەمگەك ئىچىدە، ئىجاد ئىچىدە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ. ئەمگەكنى سۆيۈش، ئىشچانلىق، ئىجادكارلىقنى بۇ خىل ئوبرازلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى دەپ بىلىدۇ. بۇ خىل نېگىزلىك خۇسۇسىيەت «چوپان» شېئىرىدىكى چوپاننىڭ، «ئايخان» باللادىسىدىكى ئايخاننىڭ، «ئانىلارنىڭ ياخشىسى» شېئىرىدىكى ئانىنىڭ، «شىنا قىز» شېئىرىدىكى شىنا قىزنىڭ، «ئورۇق» شېئىرىدىكى شوجىنىڭ، «تۇنجى دەرس» شېئىرىدىكى «مەن» نىڭ ھەم شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئوبرازلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ يېڭى كىشىلەرگە بېغىشلانغان شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە «ئايخان» باللادىسىنى خېلىلا مۇۋاپىقىيەتلىك ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر دەسلىۋىدىلا ئايخاننى پىشىپ قايىنىغان ئۈزۈملۈك ئىچىگە قويۇپ، ئەمگەك ئۈستىدە تەسۋىرلەيدۇ.

... ... ... ... ... ... ... ... ...

ئۇرغۇپ - ئۇرغۇپ گويا بۇلبۇل،
گۈل شېخىدا سايرىغاندەك؛
تەڭ تۇۋىدە ئىشلەر قىزلار،
تاغدا كىيىك يايرىغاندەك.

سېۋەت - سېۋەت ئۈزۈملەرنى،
ئوخشىتىمەن ئۈنچىلەرگە؛
ئايخان باشلار شۇ قىزلارنى،
ئۈزۈم توشۇپ چۈنچىلەرگە.

ئاغزى سۆزدە قولى ئىشتا،
ئەمما پات - پات كۈنگە قارار.
كۈچى يەتسە ئايخان كۈنگە،
تىرەك قىلىپ قويسا مۇنار.

كۈن توختىسا ئولتۇرمىسا،
ئايخان ئۈچۈن ئىش ئاۋۇسا.
مىنۇتنىمۇ چىڭ يۈگەنلەپ،
سىكۇنتنىمۇ بوش قويمىسا.

ئايخاننىڭ ئەمگەكچانلىقىنىڭ يىلتىزى، ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەسى نەدە؟

شائىر ھۆرلۈك، ئەركىنلىكنى ئايخاندىكى ئىنسانى پەزىلەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى كاپالەت دەپ قارىغاچقا ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلىرىگە ئورۇن بېرىدۇ:

ئاياقسىزدىم، ئاياق ئەمەس،
قانات بەردى ھۆر زامانىم.
تىلىم تۇرۇپ تىلسىز ئىدىم،
تىلىمۇ بەردى كومپارتىيەم.

كۆزۈم ئوچۇق قارىغۇ ئىدىم،
قولۇم پۇتۇك ساغرو ئىدىم.
چۆل - باياۋاندا تەمتىرەپ،
قان يىغلىغان ئاھۇ ئىدىم.

زۇلۇم تەختىگە ئوت يېقىلغاچ،
ئاپتاپ نۇرى تەڭ چېچىلغاچ.
يەتتىم ئاشۇ ئۇلۇق يولغا،
قولاق، كۆزۈم تەڭ ئېچىلغاچ.

يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق تۈزۈم

ئاسارىتىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ خۇددى كونا
جۇڭگودىكى قېرىنداش مىللەت ئاياللىرىغا ئوخـ
شاش « 4 چوڭ ھوقۇق » تەرىپىدىن دەپسەندە قىـ
لىنىپ كەلگەن ئىدى. « چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسـ
قا »، « تۆت خوتۇننىڭ توخۇچىلىك ئەقلى يوق،
ئەقلى بولسا توخۇ دېگەن يەمتى يوق » دېگەندەك
ماقال ـ تەمسىللەردە ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قىلىنغان
تەڭسىز مۇئامىلە، چىرىك قاراشلارنىڭ ئېغىر تىنـ
دۇرمىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق زامانلاردىن
بېرى شەرىئەت، دىنى قاراشلارمۇ ئاياللارنى مەـ
نىۋى كىشەنلەر بىلەن چۈشەپ كەلگەنىدى. ئايـ
خاننىڭ تەقدىرى ۋە تۇرمۇش يولى ئەمەلىيەتتە
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورتاق تەقدىرى ۋە ئورتاق
تۇرمۇش يولىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ئايخانـ
نىڭ تىلى ئارقىلىق قەد كۆتۈرگەن ئۇيغۇر ئاياللـ
رىنىڭ ئۆزلىرىگە ئەركىنلىك، ئازادلىق ئاتا قىلغان
پارتىيىگە، داھىغا بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىزھار
قىلىدۇ. بىزگە مەلۇم ھېسسىيات شېئىرنىڭ جېنى.
يۈرەكتىن چىققان سادالار باشقىلارنىڭ دىل تارـ
سىنى تىترىتەلەيدۇ. بۇ شېئىردا لىرىكا قىلىۋاتقان
« مەن » نىڭ ھېسسىياتى چىن بولۇپلا قالماي شېئـ
رى ئوبرازنىڭ ھېسسىياتىمۇ چىن. زىمىستان كۆرـ
گەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىگە يەتكەندەك، كونا
جەمئىيەتتىكى خورلۇق ۋە زۇلۇمنى يەتكىچە تارتقان
ئايخاننىڭ ھېسسىياتىدا قىلچە سۇنئىلىك يوق.
شۇڭلاشقا ئايخان مۇخبىر يىگىتكە:

... ... ... ... ... ...

—ياق دېمەڭ، ئىشلەش بۈگۈن،
ھەممىمىزنىڭ ۋەزىپىسى.
قىستىمىدى بىزنى ھېچكىم،
ۋەتىنىمنىڭ بىز ئىگىسى.

دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شائىر ئايخان ئوبرازـ
غا ئازادلىققا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىشـ
چان، كەمتەر پەزىلەتلىرىنى سىڭدۈرگەندىن سىرت

ئۇلارنىڭ دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتـ
چانلىق تۇيغۇسىنىمۇ ئىپادىلەپ ئوبرازنى كۈچلۈك
دەۋر روھىغا ئىگە قىلىدۇ.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئات
ئوينۇتۇپ مال بېقىپ يۈرگەن چوپان يىگىت (« چوـ
پان » شېئىرىدا)، چارۋىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا
بېقىپ پەرۋىش قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى
ئۆستۈرگەن مۇڭغۇل قىزى شىنا (« شىنا قىز » شېئـ
رىدا)، يەنئەندىن چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا يارـ
دەم قىلىپ كەلگەن ئۇزۇن سەپەرلەرگە قاتناشقان
پىشقەدەم كوممۇنىست (« ئوقۇر » شېئىرىدا)، ئۆتـ
مۈشتىكى مالاي بۈگۈنكى سېكرېتار ئايال (« يول
ئۈستىدە » شېئىرىدا)، ھېرىش، چارچاشنى بىلـ
مەيدىغان، ئەمگەكتە باشقىلارنىڭ كەينىدە قالمايـ
دىغان ھەمدە بالىلىرىغىمۇ كۆيۈمچان ئانا (« ئايـ
نىلارنىڭ ياخشىسى » شېئىرىدا)، مۇھەببەتكە ساـ
دىق، ئەمگەكچان قىز بىلەن يىگىت (« ئاققۇ » شېـ
ئىرىدا)، ئاچچىق قىسمەتلەرنى يەتكىچە تارتقان،
3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ھالال ئىشلەپ روناق
تاپقان ئەمەت بوۋاي (« ئەمەت بوۋاي » شېئىرـ
دا) قاتارلىقلار دەۋر روھىغا باي يېڭى كىشلەرـ
نىڭ ئوبرازلىرىدىندۇر. ئاپتور يۇقىرىقى شېئىرلـ
رىدا ھەر قايسى سەپ ۋە ساھەلەردە خەلق ئۈچۈن
ئىشلەۋاتقان، غايە بىلەن ياشاۋاتقان ئاددىي ـ
ساددا تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ
ئۇلارنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ مەدھىيەنى ئاساس قىلـ
غان لىرىكىلىرى ئاساسىي ياقتىن خەلقىمىز، ۋەتىنـ
مىزنىڭ بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن كەمبەغەل
قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى سوتسىياـ
لىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پىداكارـ
لىق بىلەن بېغىشلاۋاتقان چاغلاردا، تەبىئىي ئاـ
پەت، رەھبەرلىكتىكى بەزى خاتالىقلار ۋە شىيۇجىڭـ
جۇيىچىلار تەرىپىدىن كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە توسالـ

غۇلارنى يېڭىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان جاپالىق يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ ئىلھامى ئەينى يىللاردىكى رېئاللىقتىن كەلگەن. شۇڭا بۇ شېئىرلار ئەينى دەۋردە خەلقنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش رولىنىمۇ ئوينىدى.

ئىلىم - پەن باغچىسىنى خانىۋەيران، ئەدەبىيات غۇنچىلىرىنى خازاڭ قىلغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورىنى باغۇ - بوستاننى ۋەيران قىلىش بىلەن بىرگە باغۇ - بوستانلارنىڭ باغۋەنلىرىگىمۇ تۈگىمەس رىيازەتلەر ئېلىپ كەلدى. «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپى دېگەن چىرايلىق نامى بار ئورۇنغا قامىلىپ ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن، ياشاش ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان ئابدۇكېرىم خوجا بۇ تەتۈر قۇيۇنلار ئالدىدا بويۇن ئېگىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرمىدى. ئۇ جاسارەت بىلەن:

«تىيما خوجا، سەن تىلىڭنى،
تىنما، سۆزلە راست گېپىڭنى.
گەر سۇندۇرسۇن ياۋ بېلىڭنى،
سۆزلە دېمەك ئۈزۈلگىچە».

(«بولما» شېئىرىدىن)

دەپ يېزىپ ئۆزىنىڭ يەنى دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلانغان جەڭچىنىڭ ئىرادە قەسىمىنى جاكارلايدۇ ۋە ئەلگە كۈلپەت كەلتۈرگەن مەلئۇنلارنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى.

بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىدا ئېلىمىز ئەدىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدە جاراھەتنى، قايتا تەپەككۇرنى، ئىسلاھاتنى يېزىپ مەزمۇن ۋە پىكىردىكى چوڭقۇرلۇقنى ئىپادىلەۋاتقان دەزگىلدە ئابدۇكېرىم خوجىمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «كىشەن»، «قوڭغۇراق»، «ساۋاق»، «بولۇت»، «قالغاي»، «ھاك تېشى»، «ياڭاق»، «مامكاپ بىلەن ئەنجۈر»، «ماركا ۋە تاۋار»، «سۇنئى چېچەك»، «گۇگۇت»، «يۇلتۇز» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان پەسەپۋى شېئىرلىرىدا شەيئىلەردىكى ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ تۇرمۇش ھەقىقىتىنى شەرھىلىدى. ئادەم ۋە ھايات توغرىسىدا، ئادەم بىلەن ۋەتەن، ئادەم بىلەن دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ۋە شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ۋە ئىلمىي قاراشلىرىنى يورۇتۇپ ئۆزىدە ھەقىقەت كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەلسەپىۋى خۇلاسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئۇ باشقىلارنىڭ قانداق چۈشىنىشىدىن قەتئىينەزەر يەنە ئوخشاشلا مەدھىيە ناخشىسىنى ياڭرىتىۋەردى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن ھەتتا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان:

«سۇمرۇغ ئۇچقاندا»، «سۇمرۇغ قونغاندا»، «مانتىپەز دۇكىنىدا»، «تۇمەن دەرياسى بويىدا»، «يارنىڭ قولى گوياكى بويىندا»، «مانا شۇنداق ياشىسا دېھقان دېگەن»، «خاماندا»، «ئەمەت بوۋاي»، «تۇرمۇش كارتىنىلىرى»، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» قاتارلىق شېئىرلار دەل شۇنداق شېئىرلار بولۇپ، ئۇلار ۋەتەنگە، خەلققە، ئۆز يۇرتىغا ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىلىرىدۇر. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ۋەتەن زېمىنىنى كۆلدۈرگەن، خەلقنى شاتلاندۇرغان باھاردىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتى، ئۆز يۇرتىغا، ئىشچان ۋە ئاقكۆڭۈل خەلققە بولغان چىن ئەقىدە ۋە مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. شائىر تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە تەلپۈنىدۇ، ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىلىرىگە تەنتەنە قىلىدۇ.

«ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» ناملىق شېئىرمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ياخشى شېئىرلارنىڭ بىرى.

بۇ شېئىر ئۇزۇن ئەمەس. جەمئىي ئۈچ كۇبلىت (12 مىسرا)، شائىر قىسقا ھەجىمدىكى بۇ شېئىردا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەمما ھەل بولمىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا دېيىشكە تېگىشلىك، يېزىشقا تېگىشلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بەزى ئەدىبلەر ئادەتتە ئېھتىيات قىلىپ «چېقىلالمايدىغان» زىددىيەتلەرگە، تېگىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان «قىزىق نۇقتا» لارغا «چېقىلغان» ۋە «تەككەن» بۇ شېئىرنىڭ ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى قوزغىشى تەبىئىي. ئەسلىدە ئابدۇكېرىم خوجىمۇ بەزىبىر كەسىپداشلىرىغا ئوخشاش زىددىيەتلەرنى ۋاقىت ۋە پۇرسەتنىڭ بويىنىغا ئارتىپ قويۇپ ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس شېئىرلارنى يېزىپ يۈرسە بولىۋېرەتتى. ئەمما ئۇ ئۇنداق «بىخەتەر» يولنى تاللىمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ پۈتۈن ئىجادىيەت ھاياتىدىمۇ «بىخەتەر» يولدا ماڭغان ئەمەس. چۈنكى ئۇ رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن، ئەقلى بىلەن كۆرۈپ كۆزىتىپ ئۆزىنىڭ ئەقىل تارازىسىدا ئۆلچەپ مەدھىيىلىگەن ياكى ئەيىبلەپ كەلگەن ئىدى. ئابدۇكېرىم خوجا مانا مۇشۇنداق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىكى شائىر ئىدى. دېمەك بۇ شېئىر بىزنىڭ ئابدۇكېرىم خوجىغا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنداق جەزىملەشتۈرەلەيمىزكى، «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىكى ئىزچىللىقنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. شائىرنىڭ ئىلھامى رېئاللىقتىن تۇغۇلغان، ھېسسىياتى ۋەتەن مۇھەببىتىدىن، خەلققە بولغان ساداقىتىدىن تۇغۇلغان، خەلققە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، ھەقىقەت ئىزدەش روھى ئۇنى سۆزلەتكەن، يازغۇزغان. شېئىردا تۇرمۇش، مۇھەببەت ۋە سەمىمىيلىككە يات ھېچقانداق نەرسە يوق.

شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا ھەقلىقمىزكى، تۇرمۇش، مۇھەببەت ۋە سەمىمىيلىك ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىلھامىنىڭ مەنبەسى. مانا مۇشۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۇنى خەلقنىڭ غەم - قايغۇسىنى، ئەندىشىسىنى شۇنىڭ بىلەن بىرگە شاتلىق ۋە خۇشاللىقىنى يېزىشقىمۇ رىغبەتلەندۈرگەن.

ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرى يۇقىرىقىدەك مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماي بەدىئىي جەھەتتىمۇ روشەن خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئابدۇكېرىم خوجا 35 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا توختىماي ئىزدىنىش ئارقىلىق پىشقان شائىرغا ئايلاندى ۋە بۇ جەرياندا ئەپچىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يارقىن شېئىرى ئوبراز يارىتىدىغان، ئۆزگىچە تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق پىكىرلىرىنى قاناتلاندۇرىدىغان، قايناق ۋە چىن ھېسسىياتى بىلەن كىتابخانلارنىڭ قەلبىگە كىرەلەيدىغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى. دەرۋەقە دەۋرنىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۇسلۇبىدىمۇ بەزىبىر ئۆزگىرىشلەر بولدى. 50 - ، 60 - يىللاردىكى ئوچۇق، قىزغىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىك ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە چوڭقۇر ۋە ۋەزىنلىك بولۇشقا يۈزلەندى.

ئۇنىڭ شېئىر ئاجادىيىتىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شېئىرى ھېسسىياتىنىڭ تۇرمۇشتىن تۇغۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش كېرەك. ئاتاقلىق رۇس ئەدەبىي تەنقىتچىسى بېلىنسكى، ھېسسىيات بولمىسا شائىرمۇ بولمايدۇ، دەپ ئېيتقىنىدەك، ھېسسىياتسىز شېئىرلارنى شېئىر، دەپ ئاتىغىلىمۇ بولمايدۇ. بـ

راق ئاغرىقى يوق تۇرۇپ ئىڭگىرىغاندەك ھېسسىياتى يوق تۇرۇپ زورلاپ شېئىر يازىدىغان ئەھۋالغا قارىتا ئېيتقاندا ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ھېسسىيات ئامىلىنى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ كۆرسىتىش بىھۇدىلىك ئەمەس. چۈنكى شائىر 50 - ، 60 - يىللاردا خەلقىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىنقىلابقا ، پارتىيىگە بېغىشلىغان ئەمەلىيىتىنى كۆرمىگەن بولسا «ئايخان» ، «قۇمۇل توغرىسىدا ئىككى غەزەل» دېگەندەك ياخشى شېئىرلارنى يازالمىغان بولاتتى. ئەگەر مول تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا ئىگە بولمىغان بولسا «قۇڭغىراق» ، «كىشەن» ، «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» قاتارلىق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يازالمايتتى. بۇ شېئىرلاردىكى ھېسسىياتنىڭ يىلتىزى تۇرمۇش ، جېنى چىنلىق بولغاچقا كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرۈپ زور ئىستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلالىدى.

ئىككىنچى ، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن شەيئىلەر ، كونكرېت ماددى ئوبيېكتلارنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ ، يەنى پىكىرنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى قىلىندۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكتلار لىرىكىنىڭ ۋاستىسى ، ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىش بولسا لىرىكىنىڭ مەقسىتى قىلىندۇ. ئۇ نوقۇل ھالدا تەبىئەتنىلا ياكى مەلۇم بىر ماددا ياكى ھادىسىنىلا تەسۋىرلەشتىن ساقلىندۇ.

مەسىلەن: «ئاققۇ» جەمئىي 13 كۇبلىتلىق لىرىك شېئىر. ئۇنىڭ ئالدىنقى 10 كۇبلىتى پۈتۈنلەي ئاققۇلار ئويناۋاتقان ماكان ۋە زاماننىڭ تەسۋىرىگە قارىتىلغان.

شېئىرنىڭ بىر قىسمى خۇددى:

... ... ... ... ... ...

ئاھ كۆرۈندى ئاسمانمۇ ،
كۆل تېگىگە پاتقاندەك .
ئاھ كۆرۈندى ئاققۇلار ،
ئاينى دەسسەپ چاققاندەك .
سۇ تېگىگە ساناقسىز ،
يۇلتۇزلارنى چاچقاندەك .

دېگەندەك مىسرالار ئارقىلىق ئاققۇلارنىڭ سۈرەتتەك گۈزەل ھەرىكەت سەھنىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. بۇ كۇپلېتلار ئىختىيارسىز ئىلمىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان شېئىردىكى «سۈرەت ، سۈرەتتىكى شېئىر» دېگەن پىكىرنى كىشىنىڭ يادىغا كەلتۈرىدۇ.

دەرۋەقە شېئىرىيىتىمىزدە بىر قىسىم پېيزاژ لىرىكىلىرى بار. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بەدىئىي قىممەت ياراتقان. لېكىن ئابدۇكېرىم خوجا ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۇنداق نوقۇللا تەبىئەت تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنى يازمىغان.

«ئاققۇ» ناملىق بۇ شېئىردا مەنزىرە قانچە جىلۋىلىك ، ئانا تەبىئەت قانچە گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەنگىنى بىلەنمۇ ئۇ پەقەت مۇشۇ تەسۋىرلەر بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا ، ئۇنىڭغا شائىرنىڭ ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلمىگەن بولسا شېئىرغا جان كىرمىگەن بولاتتى. ھازىرقىدەك ئىستېتىك پەللىگىمۇ يېتەلمەيتتى. شېئىرنىڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان:

... ... ... ... ... ...

سۇغا چۈشكەن جۈپ شولا ،
بەلكى بىزنىڭ چوپاندۇ.
بىرى تاغنىڭ بۈركۈتى ،
بىرى قىزىل چولپاندۇ.

بەلكى ئۇلار سىلەردەك ،
بىر - بىرىگە كۆيگەندۇ؟
شەرت قويۇشۇپ ئۆز ئارا ،
سىناپ ئاندىن سۆيگەندۇ؟

ئۇلارنىمۇ بۇ يەرگە ،
ئەپ كەلگەندۇ مۇھەببەت؟

ھاجەتسىزغۇ سىلەرگە ،
بۇندىن ئارتۇق ئىزاھەت؟

دەپ يېزىلغان ئۈچ كۇبلىتتىكى نۇرغۇن رىتورىك سوئاللار چوپان يىگىت بىلەن ئۇنىڭ سۆيگەن قىزنىڭ مۇھەببىتىدىن شەپە بېرىدۇ. بىر جۇپ ئاقۇنىڭ سۆيگۈسىنى ماھىرلىق بىلەن قىز - يىگىتلەرنىڭ گۈزەل ۋە ساغلام مۇھەببىتىگە باغلاپ لىرىكا قىلغۇچى سۇبيېكتنىڭ تۇرمۇش قارىشى، بولۇپمۇ مۇھەببەت قارىشىنى شېئىرغا سىڭدۈرىۋېتىدۇ.

بۇنىڭلىق بىلەن كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى قاناتلىنىپ، لىرىكىدىكى ھېسسىيات بىلەن گىرەلىشىپ ھېسسىياتنىڭ بۇژغۇنلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدا بايان ۋە مۇھاكىمىلەر ھەمىشە ئوبراز ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

مەسىلەن: «باھار ناخشىسى»ناملىق چوڭ ھەجىملىك شېئىردا يېقىنقى يىللاردا ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن زور ۋەقە ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تارىخىنىڭ قەدىمى سۈپىتىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان. بىراق بۇ بايانلار بەزىبىر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكىدەك ماقالىنىڭ بايانىغا ئوخشاش قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئەمەس بەلكى ئىچكى باغلىنىشلىقتا ئىگە ئوبرازلار ۋە ئوبرازلىق ئوخشىتىش، ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. شېئىردا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىجتىمائى مەسىلىلەرنى، خاتا ئەنزىلەرنى، «سول» چىل پىكىر ئېقىملىرىنى، قىسقىسى ناھايىتى كۆپ ۋە مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ توغرا ھەل قىلغانلىقىنى باھار بىلەن ئاندىن ئىبارەت ئوبرازلىق ۋاستىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بايان قىلىدۇ.

... ... ... ... ... ...

كەلدى باھار بۇ يىل بۆلەكچە تېز ،
ھەر قەدەمدە قالدۇرۇپ يېڭىچە ئىز.
كەلدى زەر تاغاقتا تاراپ چېچىنى ،
ئۆردى چىقىرىپ، تۈزەپ چىگىشىنى.

بولدى غايىپ قار - قىروولار چېچىدىن ،
ئەكس ئەتتى نەۋ باھارمۇ يېشىدىن ...

بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ھەممىلا شېئىرىدا دېگۈدەك روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بايان ۋە مۇھاكىمىلەردىن باشقا شېئىرى پىكىرلەرمۇ ۋاستىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە يورۇتىلىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرلىرى شوئارۋازلىق، قىلىپۋازلىق خاھىشىدىن يىراقتا تۇرالايدۇ. 1961 - يىلى يېزىلغان «ساۋاق» ناملىق شېئىرىدا بۇ ئالاھىدىلىك روشەن ئەكس ئېتىلگەن. ھارۋۇغا قېتىلغان ئىككى ئاتنىڭ ئىچىدە جەرەن ئات نېمىشكە قامچا يېمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قامچا پەقەت قاشقا ئاتنىڭ قۇلاق تۈۋىدىلا ئوينايدۇ؟ سەۋەبى قاشقا ئات گاھ تېز يۈگۈرۈپ، گاھ سۆرۈلۈۋېلىپ ھارۋۇنى ھەمىشە ئوڭغىلا ئەپقاچىدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىاسى ئەلۋەتتە ھارۋۇنىڭ قانداق ماڭغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا گاھ ئوڭدىن، گاھ سولدىن چىقىپ يولىمىزغا توسالغۇ بولىۋاتقان ئىدىيىۋى خاھىشلارنى ۋە شۇنداق كىشىلەرنى قامچىلاش. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر ئالدىنقىسىنى كېيىنكى پىكىرلىرىنى يوقۇتۇشنىڭ ۋاستىسى قىلغان. بۇ شېئىردا پىكىرلەر يالىڭاچ ھالەتتە ئەمەس بەلكى ئوبرازدىن تون كەيگەن. شۇڭا شېئىر مۇۋاپىقىيەتلىك چىققان.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدىكى تەسۋىرلەر مەيلى ئۇ پورترېت تەسۋىرى بولسۇن ياكى تەبىئەت تەسۋىرى بولسۇن ۋە ياكى كەيپىياتنىڭ

بولسۇن ھەممىسلا ئوبرازلىق بولغاچقا تەسۋىرلە-
مەكچى بولغان ئوبيېكت جانلىق ۋە يارقىن ھالدا
يورۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا مىساللار بەك كۆپ. بىز پە-
قەت «قۇلىقىمدا قالدى» دېگەن شېئىرنىلا كۆرۈپ
ئۆتەيلى.

بۇ شېئىردا گۈزەللىك شەيداسى بولغان لى-
رىك ئوبراز «مەن» نىڭ بۇلبۇل ناۋاسىغا مەپتۇن
بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ھالىتى مۇنداق
تەسۋىرلەنگەن.

... ... ... ... ...

شاپتۇل شېخىدا بۇلبۇلنى كۆردۈم،
مەن ئۇنى قول ئەمەس تۇتتۇم كۆز بىلەن.
چۆگىلەپ كېتەلمەي قالدىم ئاخىرى —
بۇلبۇلغا مەن ئۆزۈم تۇتۇلۇپتىمەن.

قۇرغۇرنىڭ ناخشىسى شۇنداق بولامدۇ؟
بېغىدىن سۇغۇرۇپ يۈرەكنى ئالدى.
ئالدى - دە، ئۇچتى ئېتىلغان ئوقتەك،
ناخشىسى ھېلىمۇ قۇلىقىمدا قالدى.

«مەن» نىڭ بۇلبۇل ناۋاسىغا مەھلىيا بولۇپ
كېتەلمەي تۇرۇپ قالغان ۋاقىتتىكى نازۇك ھېسسىيا-
تى بولۇپمۇ «مەن ئۇنى قول ئەمەس، تۇتتۇم كۆز
بىلەن»، «بېغىدىن سۇغۇرۇپ يۈرەكنى ئالدى»
دېگەندەك كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە مىسرالار-
دىن شەكىللەنگەن دەل جايىدا بېرىلگەن تەسۋىر
ئارقىلىق توغرا سۈرەتلەنگەن.

ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرىدا لىرىكا ئىچىدە
ئېپىكا (بايان) ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا لىرى-
كا بىلەن لىرىك مۇھاكىمە يىلتىزسىز دەرەخكە ئوخ-
شاپ قالماستىن ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە بولالاي-
دۇ. بۇ مىسال ئۈچۈن 1960 - يىلى يېزىلغان
«پويىز كەلدى» شېئىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي-
لى.

شىنجاڭغا پويىزنىڭ كېلىشى خەلقىمىزنىڭ
ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى چوڭ ۋەقە. بۇ رېئاللىق
نۇرغۇن شائىرلىرىمىزنى تېما بىلەن تەمىنلىگەن ئى-
دى. تۇرمۇشقا سادىق ئابدۇكېرىم خوجىمۇ مۇنۇ
تېمىدا بىر قانچە پارچە شېئىر يازغان ئىدى. بۇ
تېمىدىكى شېئىرلارنىڭ ئىچىدە «پويىز كەلدى»
شېئىرىنى مۇۋاپىقىيەتلىك چىققان دەپ قاراشقا بو-
لىدۇ. بۇ شېئىرنى ئەينى دەۋردىكى ئىجادىيەت
رامكىلىرىدىن، قۇرۇق شوئارۋازلىقتىن خالىي قىلىپ
بەلگىلىك ئىجادىلىققا ئىگە قىلغان نەرسە باشقا
ئەمەس بەلكى لىرىكا ئىچىدىكى بايانىنىڭ ئوبراز-
لىق ۋە جەلپكار بولغانلىقىدۇر.

ئابدۇكېرىم خوجا پويىزنىڭ كېلىشىدىن ئىبا-
رەت يېڭىلىقنى بەزى شائىرلاردەك ۋەقەنىڭ جەريا-
نىنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق سۆزلەپ بېرىش ۋە بىۋا-
ستە لىرىكا قىلىش بىلەن ئەمەس شېئىردىكى لىرى-
كىغا ئوبرازلىق بايانىنى قىستۇرۇش ئارقىلىق ئىپا-
دىلىگەن.

«چاڭ توپىغا قانچە قېتىم يىقىلدىمكىن،
بىر ئىلاج قىپ يېتىۋالدىم بوسۇغىغا.
چاپسان يۈگۈر جېنىم ئاپا، كەچ قالسەن،
كەچ قالسەن يەتكىچە ........»

كىچىككىنە ئايجامالنىڭ قەلبىگە پاتمايۋاتقان
خۇشاللىقى، ھاياجىنى پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقىگە
ئورتاقتۇر. بۇ ھەقتە بىز كۆپ سۆزلىمىسەكمۇ يۇقى-
رىقى مىسرالاردىكى كەيپىيات بۇنى يېتەرلىك ئى-
زاھلىيالايدۇ.

ئانىنىڭ قىزىغا ئەگىشىپ چاپىنىنى كىيىشكىمۇ
ئۈلگۈرەلمەي ئىشكىلەرگە سوقۇلغان پېتى بوران
كەبى يۈگۈرۈپ ۋوگزالغا بېرىپ پويىزنى كۆرگەن
چاغدىكى قىياپىتى:

«كۆزى بىلەن سۈمۈرەتتى پويىزنى ئۇ،
كىرپىكىنى سوقۇشتۇرماي بىر - بىرىگە.
لەۋلىرىدە ئوينار ئىدى تەبەسسۇمى،
ئەمما يېشى دۈگىلەيتتى كىرپىگىدە»

دېگەن مىسرالاردا ئاجايىپ يۇقىرى بەدىئىي ماھا-
رەت زېمىنىدە سۈرەتلەنگەن. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ
ياخشى شېئىرىدا «سۈرەت بار» دېگىنى بۇنىڭدىن
ئارتۇق بولماس.

ئادەم نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلايدۇ؟ ھەم كۈلدۈرگەن ھەم يىغلاتقان نېمە ئۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا — خۇشاللىق.

خۇشاللىق ئىلكىدىكى ئانا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پويىزغا تەلپۈنىدۇ. كۆزلىرى بىلەن پويىزنى سۈمۈرىدۇ. بۇ كۈپلىتتىكى «كۆزى بىلەن سۈمۈرەتتى پويىزنى ئۇ» دېگەن مىسرانىڭ ئىجادىيلىقىدا گەپ يوق. شائىر بۇ يەردە «تەلمۈرۈپ قارىدى»، «زوقلىنىپ باقتى» مۇشۇ خىل كەيپىياتنىڭ تەييار ئىبارىلىرىنى ئىشلەتمەي شېئىرى تىلىنىڭ ئىجادىيلىقىغا ئېرىشكەن.

بۇ مىسرا ئۇ قىياپەت، ھەرىكەتنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى بولۇپلا قالماي كۈچلۈك ھاياجان بىلەن قاناتلانغان ئىچكى ھېسسىياتنىڭمۇ سۈرىتىدۇر. بۇلاردىن باشقا ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلىشىمۇ، تىلىنىڭ يۇمۇرلۇق، ئوبرازلىق، ئاددىي - ساددا بولۇشىمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

يەنە بىر خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ يۇمۇرلۇق، كومېدىيلىك بولغانلىقىدۇر.

«قىز قوۋۋاردا» (1961 - يىل) شېئىرىدىكى كومېدىيە قىز بىلەن يىگىت، بوۋاي ۋە موماي تۇغ-رىسىدىكى تۇرمۇش چىنلىقى ۋە ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن تەسۋىرلەردىن بىز ئىشتايىن قىزىقارلىق تۇرمۇش كومېدىيىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

قىز يىگىتنى قوغلاپ يەتكەن تۇرۇقلۇق نېمىشقا قامچىلىمىدى؟ ئەكسىچە قامچا نېمىشقىدۇر قولدىن سىرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

بۇنىڭدىكى سىردىن خۇشىنلىق مۇناسىۋەتتىكى چال بىلەن موماي ئەلۋەتتە خەۋەرسىز. لېكىن كىتابخان بۇ كومېدىيەدىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلايدۇ.

گەرچە شائىر شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى رىتورىك سوراق ئارقىلىق تېپىشماق ئېيتقان بولسىمۇ لېكىن كىتابخاننىڭ كۆڭلىدە سىرنىڭ يەشمىسى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

بىزنىڭ كۆڭلىمىز تېپىشماققا بېرىلگەن جاۋاب بولىدۇ ئەلۋەتتە، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى يۇقىرىدا شەرھىلىگىنىمىزدەك بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەرگە ۋە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئابدۇكېرىم خوجا بولۇپمۇ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ 1 - باسقۇچىدا «سول» چىللىق زورلاپ تاڭغان رامكىلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى مۇئەييەن تارىخىي چەكلىمىلىكتىن، دەۋرنىڭ چەكلىمىلىكلىرىدىن خالى بولالمىدى.

قىسمەن شېئىرلىرىدا تىل ئىشلىتىشتە قاپىيە، ۋەزىننىڭ ئېھتىياجىغا قاراپلا «پاكىشىڭ بولىۋەر» («يامغۇر ياققاندا» شېئىرىدا)، «شۇيدىيەنزەندىن ئۆتۈپ سۇ» («ئايشەم ۋە سۇ» شېئىرىدا)، «كۆيدى ھەق ۋە كۆيدى دۇرۇس، كۆيدى جۇڭخۇا - پۈتكۈل ئولۇس» («ئاڭلا سۆزۈم» شېئىرىدا) دېگەندەك خەنزۇچە ۋە باشقا تىلدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىش، ئارىلاپ سۆزلەرنى بۇزۇپ كەمتۈك قىلىپ ئىشلىتىش، تىلدا راۋانسىزلىققا يول قويۇش قاتارلىقلار شائىر ئىجادىيىتىدە ساقلانغان نۇقسانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە بۇ نۇقسانلار ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئىزدىنىپ ياراتقان نەتىجىسى ئالدىدا پەقەتلا قىسمەنلىكتىن ئىبارەت خالاس.

بىز ئىشىنىمىزكى ئۇنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى بولۇپمۇ تىنماي ئىزدىنىش روھى كېيىنكىلەرگە زور ئىلھام بېغىشلاپ يەنىمۇ زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# لېۋ تولستوينىڭ «نامرات كىشىلەر» ھېكايىسى توغرىسىدا

## ئادىل ئالماس

لېۋ تولستوينى تىلغا ئالساق، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا»، «تىرىلىش» قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى ئەسكە ئالىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان ھېكايىلىرىنىمۇ ئەسكە ئالىدۇ. ئۇنىڭ «نامرات كىشىلەر» ناملىق ھېكايىسى نادىر ھېكايىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ھېكايە روس ئەدەبىيات - سەنئەت غەزىنىسىدىكى كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان گۆھەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

«نامرات كىشىلەر» ناملىق بۇ ھېكايىدا ئاتاغلىق شەخسلەر يوق ۋە ناھايىتى جىددىي ۋەقەلىكمۇ، كۆرۈنىشلەرمۇ يوق. ئاپتور بېلىقچى ئەر - ئاياللىك خوشنىسىنىڭ ئىككى يېتىم بالىسىنى بېقىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تىپىك ۋەقەنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق نامرات كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى مەدھىيىلەپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكنى ئىپادىلىگەن.

بۇ ھېكايىنىڭ سيۇژىتى تاق لىنىيە بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ، ئاپتور باش تېمىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىنچىكە تاللاپ، ھېكايىنى ئىنچىكە دائىرە ئىچىدە چەكلىگەن: ۋاقىت - بىر قاراڭغۇ كېچە؛ ئورۇن - بېلىقچىنىڭ ئۆيى؛ پېرسوناژ - لېنا ۋە ئۇنىڭ يولدىشى. ھېكايىدا پەقەت مۇشۇنداق بىر نەچچىلا سيۇژىتنى ئورۇنلاشتۇرغان: بوران - يامغۇرلۇق قاراڭغۇ كېچە؛ لېنا تالاغا چىقىپ سەھەردە دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى كەتكەن يولدىشىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتىشى؛ تۇل خوتۇن زىمانىڭ قازا تېپىشى؛ لېنانىڭ تۇل خوتۇننىڭ يېتىم قالغان باللىرىنى بېقىۋېلىشى، لېنانىڭ يولدىشى قايتىپ كەلسە جاجىسىنى بېرىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىشتەك زىددىيەتلىك روھىي ھالىتى؛ يولدىشى قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئاقىۋەت ۋاھاكازالار. دولقۇنسىمان ئەسەرلەرنى كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ، يۈزەكى ئەسەرلەر كىشىلەرگە ياقمايدۇ. ئاپتور ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تولىمۇ ئاددىي كىچىك ۋەقەلىكنى دەل جايىدا تاللاپ ئېلىپ، يۈكسەكلىككە كۆتىرىپ، ھېكايىنىڭ سيۇژىتىنى دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلدۇرغان.

ھېكايە باشلىنىشى بىلەنلا كىتابخانلارنى بېلىقچىنىڭ كەپىسگە باشلاپ كىرىدۇ، ئايال باش پېرسوناژ لېنانىڭ «چىراق تۇۋىدە، كونا يەلكەننى ياماۋاتقانلىقى»دىن ئىبارەت مەنزىرىنى كۆرگەندەك بولىمىز، ھەم «بوراننىڭ ھۇۋلىشى»، «دېڭىز دولقۇنىنىڭ شاۋقۇن سېلىشى»نى زەڭ قويۇپ ئاڭلىغاندەك بولىمىز. بۇ يەردىكى بىر نەچچە يۈزەكى تەسۋىردىن باش پېرسوناژنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى بارلىققا كېلىپ، كىتابخانلارمۇ خۇددى شۇ تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك بولىدۇ. ئاپتور ئارقىدىنلا «ئۆيى ئىچى گويا باھاردەك ئىللىق ئىدى» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق گەرچە بېلىقچىنىڭ ئائىلىسى نامرات بولسىمۇ، بىراق، ئۆي ئىچىنىڭ ئىللىق ئازادىلىكى، ئۆي ئىچى پاك - پاكىزە سۈپۈرۈلگەنلىكى، ئوت يالقۇنىدىن تەكچىدىكى قاچا - قومۇچنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقى، ئاپپاق چىمىلدىقتىن ئورالغان

كارىۋاتتا بەش بالىنىڭ پۇشۇلداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. بۇ يەردە ئاپتور ئورۇنلاشتۇرغان ھەر بىر تەسۋىردە باش پېرسوناژ لىنانىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن جاپالىق قان تەر ئەجىر قىلغانلىقىدەك ئۇمىدۋارلىق روھى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ پەيتتە بېلىقچىنىڭ ئايالى لىنانىڭ كەيپىياتى خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك تىنچ تاپمايتتى، چۈنكى، يولدىشى تاڭ سەھەردە دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى كېتىپ كەلمىگەنىدى، شۇڭا ئۇ دەككە - دۈككىدە يولدىشىنى ساقلاپ: «خۇداغا ئامانەت، خۇدايىم ئۇنىڭغا ئىچىڭىز ئاغرىپ بالىلاردىن قۇتۇلدۇرغايسىز» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگىنىچە كرېستىنى سىزاتتى. كېيىن لىنانىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققان سۆزلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نامرات تۇرمۇش ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ؛ بالىلىرىنىڭ ھەتتا كىيىدىغان ئايىغىمۇ يوق بولۇپ، قىش - ياز كۈنلىرى يالىڭاچ يۈرىشەتتى. يېيىشكە ئاق بولكا تۈگۈل، قارا بولكىمۇ تويغىدەك يوق ئىدى. «ئۇلار ئاران جان بېقىپ، كۈن كەچۈرۈشى تولىمۇ تەسكە توختايتتى». ئاپتور بېلىقچى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆيى قاتارلىق بىر نەچچە تەرەپلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بىزگە نامرات بېلىقچىنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرىپ، ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى روس ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ سيۇژېتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تولۇق ئاساس يارىتىپ بەرگەن. ئاپتور ئارقىدىنلا زىمانىڭ ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى، لىنانىڭ قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن ئىككى يېتىم بالىنى بېقىۋېلىشى قاتارلىقلاردىن باشلىغان. بۇ ھەرىكەت

لىنانىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇنىڭدىن بىز ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل گۈزەل قەلبىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بالىنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا كۈرەش پەيدابولغان. بىراق، ئاپتور بۇ جەھەتتە كۆپ تەسۋىرلەپ ئولتۇرماي، پەقەتلا «ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇراتتى»، «نېمىشقا ۋە ياكى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتى»، «يەنە ئۇ قىلىشقا بولمايدىغان ئىشنى قىلدىمۇ يا؟» دەپ تەسۋىرلەپ، ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىتابخانلارغا ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى يولدىشىنىڭ رۇخسىتىدىن ئۆتمىگەن، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، شۇڭا، «ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇراتتى». لىنانىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى مۇشۇنداق ئىپادىلەش ئەقلىگە مۇۋاپىق بولۇپ، ھەم چىنلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. «يېتىم بالىنى بېقىۋېلىش» تەك بۇ تىپىك ۋەقە ھېكايىنىڭ سيۇژېت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ بەش بالىنى بېقىش «بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس»... «نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككى بالىنى ئېلىپ كەتكەندىمەن؟ ...... ئۇ چوقۇم جاجامنى بېرىدۇ؟! ...... ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ گۇنايىم، مەن تاياق يېيىشكە ھەقلىق ......... ياق، قايتىپ كەلمىسە تېخىمۇ ياخشى بولاتتى» لىنانىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زىددىيەت مونولوگ ئارقىلىق بېرىلگەن بولۇپ، ھېكايىنىڭ سيۇژېتىنى يەنە بىر دولقۇنغا كۆتۈرگەن، بۇنى بىر دولقۇن پەسەيمەي تۇرۇپ يەنە بىر دولقۇن كۆتۈرۈلگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. لىنانىڭ ئوبرازى جانلىق بولۇپ، قەغەزدە جانلىق كارتىنا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. لىنا تەققەززالىق بىلەن يولدىشىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى، مۇشۇ پەيتتە يەنە يولدىشىنىڭ قايتىپ كېلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شىدىن قورقاتتى. كۈتۈشتىن تارتىپ تاكى قورقۇشتەك بۇ زىددىيەتلىك روھىي ھالەت لىنانىڭ ئىجتىمائىي مەۋقەسى ۋە خاراكتېرىگە تامامەن ماس كېلىدۇ. بەزىلەر: «پىسخىكا تەسۋىرى — ئۆتكۈر ئاناتومىيە پىچىقىدۇ» دەيدۇ. تولستوي مۇشۇ پىچاق بىلەن لىنانىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىنچىكە ئوپېراتسىيە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھېكايە سيوژېت تەرەققىياتىنى كولمىناتسىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق ھازىرلىغان.

تولستوينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بېلىقچى دەل ھېكايىنىڭ كولمىناتسىيىسىدە مەيدانغا كەلگەن، گەرچە تەسۋىرلەر كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما كىشىگە ئۆچمەس تەسىر قالدۇرىدۇ. بېلىقچى تاڭ سەھەردىلا دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى كېتىپ «ئۇنى پالاكەت باستى»، ھېچنېمە تۇتالماي «تېخى تورى چۇۋۇلۇپ كەتتى» بۇ ئۇلارنىڭ نامرات ئائىلىسىنى تېخىمۇ مۇھتاجلىققا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بېلىقچى زىما قازا تېپىپ ئىككى بالىسىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ «قوشۇمىسىنى تۈردى — دە»، «چىرايى ئۆزگىرىپ جىددىي تۈسكە كىردى»، ئاپتور ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىچكى دۇنياسىدىكى زىددىيەتلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن — باللارنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىش، كېرەك، بىراق، بۇندىن كېيىنكى كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟ «بۇ بىر ئىشتە»، ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ناھايىتى تېز قارار چىقىرىدۇ، «ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلەيلى، ئۇنداق بولمىغاندا جەسەتنىڭ يېنىدا قانداقمۇ «قورقماي ياتالايدۇ؟ شۇنداق قىلايلى، بىز ئۆزۈندىن بىرى چىداپ كۈن كەچۈرۈۋاتىمىز، بۇندىن كېيىن يەنىمۇ چىدايمىز، چاققان بېرىپ ئېلىپ كەل!» بۇ يەردە پەقەت بېلىقچىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىشى بىلەن تىلى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۇنىڭ بەئەينى ئۆز ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن. «ئۇلار مۇشۇ يەردە»، دەپ لىنا چىمىلدىقنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ھېكايە مۇشۇ يەردە بىردىنلا بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا ئاياغلىشىپ، كىتابخانلارغا تۈگىمەس ئەسلەش ئىمكانىيەت قالدۇرغان. بۇنداق تۈگۈننى ئىنچىكە ئويلاپ كۆرسە، بۇنى كىشىلەر تولىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق، رېئاللىققا ئۇيغۇن دەپ ھېس قىلىدۇ. چۈنكى بېلىقچىمۇ لىنادەك گۈزەل قەلبكە ئىگە بولۇپ، لىنانىڭ گەۋدىلىنىشى بىلەن بېلىقچىنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن.

«نامرات كىشىلەر» ھېكايىلارنىڭ ئۆلگىسىدۇ. ئۇ بىزگە ھېكايىنى قىسقا، يەنىمۇ قىسقا يېزىش؛ مەركەزلىك، يەنىمۇ مەركەزلىك يېزىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سيوژېتنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاش كېرەك، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھېكايىنى قىسقا يازغىلى بولىدۇ.

تولستوينىڭ «نامرات كىشىلەر» ناملىق ھېكايىسى تاكامۇللاشقان بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن «نامرات كىشىلەر» نىڭ گۈزەل قەلبىنى مەدھىيىلىگەن. بۇ گۆھەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ تولۇق رېئاللىق قىممىتىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

# مۇشتەرىلەر دىققىتىگە :

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان رەسمىي ئىلمىي ژۇرنال. بۇ — پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، قانۇن، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا، دىن ۋە ئەخلاق، باشقۇرۇش ۋە باشقا تارماقلىق پەنلەر بويىچە ئالىم - مۇتەخەسسىس ۋە باشقا ھەۋەسكارلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، دۇنيا بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان يېگانە بىر بىلىم مۇنبىرى. ھەر بىر ئويغاق ئادەم ئۈچۈن ئېتىقادىدا، تېخىمۇ ئەقىللىق، يىراقنى كۆرىدىغان، زامانغا ماس ئادەم بولۇش جاھاننامىسى. بۇ ژۇرنال سىزنى دانايى - دانىشمەن ئالىملار، پىرى — ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پېشىۋالار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىڭىزنى رۇسلاپ زامانىۋى ئادەم بولۇشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 8.00 يۈەندىن ياكى خالىغان بىر سانىغا 2.00 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتەرى بولغايسىز.

پۇل ئەۋەتىدىغان ئادرېسى: ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولى 46 - قورو.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئالاقىلاشقۇچى: ليۇسۇچيڭ

《新疆社科论坛》
全国公开发行

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»
مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

---

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147/C
پوچتا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇش نومۇرى: 58—137
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىندۇ
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم
باھاسى: 2.00 يۈەن

ئورنى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46 - قورو، پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون: 2861273 تېلېگرامما: 3027

مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن